بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

2

1996

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

www.uyghurkitap.com



رەئىس سالىھ ئەن شۇبي ئاخۇن مۇسابىقىدا
1-بولغان سىچۇەنلىك ياش ئاخۇن جاڭ
خۇگچۇنگە مۇكاپات لوڭقىسى بەردى.



بۇ يىل 3-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە مەملىكەتلىك تۇنجى
نۆۋەتلىك ۋەز مۇسابىقىسى بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.
سۈرەتتە ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى.




ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى
ئىدارىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو ئىسلام جەم-
ئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى رەئىس سەھنىسىدە.



ۋەز مۇسابىقىسىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا
ئېرىشكەن شىنجاڭلىق ياش ئاخۇن
ئابدۇغېنى قارىي ۋەز ئېيتماقتا.



ۋەز مۇسابىقىسىدا ئالاھىدە مۇكاپاتقا
ئېرىشكەن ئايال ئاخۇن مۇ خۇافېن.




جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مالىك مىيان قاتارلىقلار
شىنجاڭلىق ۋەزچىلەر بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

«قۇرئان كەرىم»دىن




ئاللاتائا ئېيتىدۇكى:
”يەڭلار، ئىچىڭلار، (ئەمما) ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى
ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ“ (7-سۈرە، 31-ئايەت).

(خەتتات: سالىھ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەدىس شەرىپتىن

قال النبي عليه السلام

ليس خيركم من ترك

الدنيا للآخرة ولا الآخرة

للدنيا ولكن خيركم من

أخذ من هذه وهذه

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇكى:

"ئاراڭلاردىكى ياخشى كىشىلەر ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى ياكى دۇنيا ئۈچۈن ئاخىرەتنى تەرك ئەتكۈچىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ تۇتقان كىشىلەر ياخشى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ".

(خەتتات: سالىھ)

## مۇندەرىجە

لى رۇيخۇەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزدى ........................ (5)
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تۈرمۇشىدىكى چوڭ بىر تەنتەنە
—تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپە-
قىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز ..............
...................... ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (7)
رەئىس سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇننىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا
سۆزلىگەن سۆزى ......................... (9)
گوۋۋيۇەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ياڭ تۇڭشياڭنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز
مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن
سۆزى ................................. (10)
مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭنىڭ تۈنجى
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش
مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى ............. (11)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار كۆز قارىشى توغرىسىدا
........................ ئىبراھىم فېڭ جىنيۈەن (13)
«قۇرئان كەرىم» ۋە سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمى
........................ يې فۇيۈن، ماشياۋفېڭ (23)

### ئىسلام ئەقىدىلىرى

ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى..............
........................ شېرىپجان داموللا ھاجى (29)

### ۋەز

ئىسلام دىنى نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس
قىلىدۇ ................... بەي چىڭجېن ئاخۇن(39)

### مەسچىت—مەدرىسلەر

قەدىمكى مەدرىس—ھازىرقى دىنىي مەكتەپ قەشقەر ساقىيە
مەدرىسى .................. ھۆسەنجان تۇرسۇن (41)

中国穆斯林
CHINA MUSLIM
(پەسىللىك ژۇرنال)
باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشىت ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۇۋ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053 تېلېفون: 63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001
主 办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主 编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：艾 力
激光照排：中国民族语文翻译中心
印 刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053 电话：63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001

## ياش ئالىملىرىمىز


مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى(پوستدوكتور) خىمىيە-فىزىكا ئالىمى كۇرەش [illegible]
.................................................. ئەنۋەر مۇھەممەد ([illegible]3)


## بىلىم گۈلزارى


دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» ............................ ھاجى مەھمۇدى (46)

دۇنيادا نەشر ھوقۇقى سۇرۇشتۇرۇلمەيدىغان مۇقەددەس كىتاب
—«قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار توغرىسىدا ........................... مۇسا (47)


## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى بىلەن برۇناي سۇلتانلىقىنى
زىيارەت قىلدى ................................................. مۇستافا(50)

پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى
............................................................ مەئمۇن بىننى ئوسمان (53)

ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەئفار زائى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى
زىيارەت قىلدى ...................................................... ئىمادىددىن (54)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدى ............ مۇستافا (55)


## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى .................. نەبى، ئابدۇللا (56)

سانجى ئوبلاستىدا ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ... ما يۈيجى، ما سۈن (56)


## خەۋەرلەر


دوكتور ئۇبەيد ئىسلام دۇنياسى ئېنتسىپاقىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى ................ مۇسا (57)

ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى جادۇل ھەق ئەلى جادۇل ھەق خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى
...................................................................... ئابدۇۋەھاب (57)

قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بەشتە ياخشى مەسچىت، بەشتە ياخشى دىنىي زات ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ
باي بولغان دىنىي زاتلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ......................... ياقۇپ ھاجى (57)

تۇرپان شەھىرىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىغا ماڭدى شاھمەردان قارى (58)

دىنىي زاتلار نامراتلارنى يوقلىدى ......................................... ياقۇپ ھاجى (59)

تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭماقتا ............
.................................................................. شاھمەردان قارى (59)

سەمەت مەخسۇم ھاجىم، ئابلىز مەۋلا بەخشى، ئۆمەر قارى ھاجىملار خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى
................................................................... ياقۇپ ھاجى (60)

دىنىي زاتلار ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى
................................................................... ياقۇپ ھاجى (62)

ئۆز يۇرتى خەلقىنى ئۇنتۇمىغان مۇساپىر ........................................ ما ۋېنبىڭ (62)


## مۇشتەرىلەردىن خەت


«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە ...................... ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى (63)

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچىلىرىغا تەشەككۈر ........................................ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى بىناسى


★ 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★

 جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# لى رۇيخۇەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى لى رۇيخۇەن 2-ئاينىڭ 13-كۈنى جۇڭنەنخەيدە مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە قانداق قىلىپ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە كەڭ-كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى.

ئۆتكەنكى بىر يىل،— دېدى، لى رۇيخۇەن— مەملىكىتىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش بولغان يىل بولدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق ھالدا بويسۇنۇپ ۋە خىزمەت قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىنچ-ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى قوغداش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. لى رۇيخۇەن باش شۇجى جياڭ زېمىن، زۇڭلى لى پېڭغا ۋەكالەتەن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ كاتتا باھار بايرىمىنى تەبرىكلىدى.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دېدى: "9-بەش يىللىق" پىلان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دىنىي ساھەدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى، ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تارىخىي ۋەزىپىمىز. دىنىي ساھەدىكىلەر خىزمەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنى ئۇلۇغ ئىشىمىز بولغان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشى كېرەك.

لى رۇيخۇەن مۇنداق دېدى: ئۆتكەن يىل باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنىي ساھەدىكىلەرگە تەقدىم قىلغان تەبرىك لەۋھەسىگە: «ۋەتەننى سۆيۈپ، دىننى سۆيۈپ، ئىتتىپاق بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش» دەپ يېزىپ بەرگەنىدى. بۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى دىنىي ساھەدىكىلەردىن كۈتىدىغان سەمىمىي ئۈمىدى. مەملىكىتىمىزدە ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈش بىردەك. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلەش دېگىنىمىز، تۈپتىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر دىن قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ "تۆتنى قوغداش"تا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەرگە قويغان تۈپ تەلپى گەۋدىلەنگەن، دىنىي زاتلارنىڭ ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بارلىق دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي زاتلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

مىزاندۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، "تۆتنى قوغداش"تا چىڭ تۇرۇش دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئورنىنى قوغداشقا پايدىلىق، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا پايدىلىق. دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، "ئىككى مەدەنىيەت" قۇرۇلۇشىغا يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو خرىستىئان دىنى ئۈچ ئۆز ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو خرىستىئان دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى دىڭ گۇاڭشۇن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇۋېي ئاخۇن، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىڭ ياڭ، جۇڭگو كاتولىك دىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك جەمئىيىتى، جۇڭگو كاتولىك دىنى ئېپىسكوپلىرى ئۆمىكىنىڭ رەئىسى زۇڭ خۇەيدې، جۇڭگو داۋجياۋ دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فۇ يۈەنتيەن، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گۇڭ تاڭساڭ. دەنبېۋاڭشۈيلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىدى. ئۇلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ دىنىي خىزمەتلەرگە ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە ئېتىبار بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى ھەمدە ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەھەتتىكى چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كەڭ-كۇشادە سۆزلىدى، نۆۋەتتە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجابىي پىكىرلەرنى بەردى. ئۇلار ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش بايرىقىنى داۋاملىق ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىگە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

دۆلەت كومىسسارى، گوۋۇيۈەننىڭ باش كاتىپى لو گەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاۋگولار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا يەنە مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرىمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن لى دېجۇ، جىڭ ۋەنتۇڭ، جىڭ جىيىڭ، يې شياۋېنلار سۆھبەتتە بىللە بولدى. («خەلق» گېزىتىنىڭ 1996-يىل 12-فېۋرالدىكى سانىدىن ئېلىندى.)

---

(بېشى 8-بەتتە) ئەنشۈېي ئاخۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنى مۇكاپاتلىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ ھاجى بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئۈستىدە خۇلاسە سۆزى قىلدى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ يىغىنغا كەلدى ۋە سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىمۇ ئاياغلىشىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ تالىپلىرى ۋەزچىلەرنىڭ ۋەزىنى باشتىن ئاياغ ئاڭلىدى. بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى ئاياغلىشىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

مۇراسىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، رەھبەرلەر بارلىق ۋەزچىلەر، مېھمانلار ۋە كۆرەكچى ۋەكىللەر بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى.

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تۇرمۇشىدىكى چوڭ بىر تەنتەنە

## —تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تەشۋىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئېلىمىزدىكى كەڭ ئاخۇن ۋە موللىلارنىڭ ۋەز ئېيتىش سەۋىيىسى ۋە ۋەز ئېيتىش سەنئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1996-يىل 3-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە جەمئىيىتىمىزنىڭ زالىدا تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇيې ئاخۇن ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "مەملىكەت كۆلەملىك ۋەز مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش مەملىكىتىمىزدە تېخى تۇنجى قېتىم، بۇ بىر پايدىلىق سىناق ۋە ئىجادىيەت، شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ ئاخۇن، موللىلار ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاكتىپ تەسىر قوزغايدۇ." خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى ۋە «نۇر» گېزىتى (3-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى سانىنىڭ 4-بېتىدە) بۇ قېتىمقى مۇسابىقە پائالىيىتىدىن خەۋەر بەردى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە قانائەتلىنەرلىك ئۇتۇققا ئېرىشىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلىشىپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ياخشى باھاسى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بىز بۇنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ۋەز ئېيتىش مەملىكىتىمىزدىكى ئاخۇن، موللىلارنىڭ دىنىي بايراملاردا ۋە جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت تەرىقىسىدە تەلىم بېرىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى دىنىي تەرغىبات ئۇسۇلىدۇر. بولۇپمۇ ئاخۇن، موللىلار ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى مەسچىتلەردە ئوخشاشمىغان مىللىي تىللاردا مۇسۇلمانلارغا ۋەز ئېيتىپ، ئۇلارنى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا، يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان مۇسۇلمان بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بۇ قېتىمقى مەملىكەت كۆلەملىك ۋەز مۇسابىقىسى مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭ بىر تەنتەنىسى، شۇنداقلا كەڭ ئاخۇن، موللىلارنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئىسلام ئەھكاملىرىدىن ۋەز ئېيتىش، ئىسلام مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىلىك نامايەندىسى. پۈتكۈل مۇسابىقە مەملىكىتىمىزدىكى ئاخۇن، موللىلار ئىزباسارلىرىنىڭ جۇشقۇن يېتىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مول بىلىم توپلىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى، ئۇلار ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارزۇسىدا، ئىشتىراك قىلىش ئاكتىپلىقى بىلەن ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىپ، قەيسەرانە مۇسابىقىلىشىپ ۋەز مەيدانىدا ئۆز تالانتىنى ياخشى

www.uyghurkitap.com

جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق خۇشاللىنارلىق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا تولۇق تەييارلىق كۆردى ۋە ئۇنى پۇختا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ جەرياندا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، كەڭ ئاخۇن، موللام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ پائال ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، قىسمەن ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ بۇ قېتىمقى مەملىكەت كۆلەملىك مۇسابىقە ئۈچۈن مەخسۇس تاللاش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزدى. تاللاش مۇسابىقىسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يېيىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. مەملىكەت بويىچە 26 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى تاللاپ كۆرسەتكەن 135 نەپەر ۋەزچى مۇسابىقىنىڭ دەسلەپكى باھالاپ تاللىشىغا قاتناشقاندى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەستايىدىل باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، ئاخىر 46 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەزچى تاللىنىپ، بېيجىڭغا كېلىپ مۇسابىقىگە چۈشتى، بۇلارنىڭ 45ى ئەر، بىرى ئايال، بۇنىڭ ئىچىدە 39ى خۇيزۇ، 6سى ئۇيغۇر، بىرى سالا. بۇنىڭدىن باشقا قىسمەن يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ مۇسابىقىگە كۆرەكچىلەر ئەۋەتتى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقە جەريانىدا، ۋەزچىلەر ۋەزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكامى، شەرىئىتى، دىنىي قائىدىسى، ئەمەللىرى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاقىي قارىشى ۋە پەيغەمبەرلەر ھەم دانىشمەنلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماي، يەنە قانداق قىلىپ ئىسلام مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا يېتەكلەش، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇن ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز ئېيتتى. ۋەزلەرنىڭ مەزمۇنى مول، قۇرۇلمىسى ئاكتىپ، ساغلام بولدى. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇسابىقىگە قاتناشقان بىردىنبىر ئايال ۋەزچى مۇسابىقە جەريانىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيىنى ئىپادىلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋى مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن ۋە ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار ۋە موللىلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن جاڭ خۇڭچۈن(سىچۈەندىن) بىرىنچىلىكنى، لى شۇۋبي(جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن) ئىككىنچىلىكنى ۋە با لىيەنشېڭ (خېنەندىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى؛ ئابدۇغېنى قارىي (شىنجاڭدىن) ۋە مۇ خۇافېن (ئايال، ئەنخۇيدىن) ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

3-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا، سالىھ (ئاخىرى 6-بەتتە)

# رەئىس سالىھ ئەن شۇيي ئاخۇننىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمدا سۆزلىگەن سۆزى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ۋەزچىلەر، مېھمانلار، قېرىنداشلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئەلھەمدۇلىللا، تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسى بۈگۈن رەسمىي باشلاندى. ئاۋۋال مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن جايلاردىن كەلگەن ۋەزچىلەرنى ۋە مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

ۋەز ئېيتىش بىز ئاخۇنلار، مولللارنىڭ جۈمە كۈنى ۋە تۈرلۈك دىنىي بايراملار ھەم سورۇنلاردا مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى دىنىي تەرغىبات ئۇسۇلىمىز، ئۇنىڭ مەزمۇنى دىنىي ئەھكام، شەرىئەت، دىنىي قائىدە، ئەمەل، ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرى، تارىخىي جەريان، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە پەيغەمبەرلەر ھەم دانىشمەنلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ۋەزنى ياخشى ئېيتىش كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، دىنىي قائىدىلىرىنى توغرا بىلىش ۋە چۈشىنىش، دىنىي ئەمەللەرنى ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرۈش، ئەدەب-ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىش، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپنىڭ تەلىملىرى بويىچە ئىش قىلىش، پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىش، مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئەمەللارنى بەجا كەلتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاكتىپ تەييارلىق قىلىپ، بۇ قېتىمقى ۋەز مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرماقتىمىز. مەملىكەت كۆلەملىك ۋەز مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش مەملىكىتىمىزدە تېخى تۇنجى قېتىم، بۇ پايدىلىق بىر سىناق ۋە ئىجادىيەت، شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ ئاخۇن، موللىلار ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاكتىپ تەسىر قوزغايدۇ. يەنە شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق جايلاردىكى ئاخۇن، موللىلار ئامىمغا ۋەز ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇبدان ئۇسۇلدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، ئېلىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخىي، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي-پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇن-تۈزۈم، سىياسەت تەربىيىسىنى ۋەز ئېيتىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش روھىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

(ئاخىرى 40-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گوۋۇيۇەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۈگشياڭنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمدا سۆزلىگەن سۆزى

دوستلار، مېھمانلار:

ئالدى بىلەن، مەن گوۋۇيۇەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىگە ۋەكالىتەن ۋەز مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن دوستلاردىن سەممىي ھال سورايمەن ھەمدە بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۆتكۈزۈشكە ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بېرى كىرىشىپ، ئىخلاس بىلەن تەشكىللەپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئىش قىلدى. جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ تولۇق تەييارلىق قىلىپ، ئەستايىدىل ۋەزچى تاللاپ، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىغا كاپالەت بەردى.

ۋەز ئېيتىش—دىنىي خادىملارنىڭ دىنىي ئەھكام، دىنىي قائىدىلەرنى تەشۋىق قىلىشىنىڭ بىر شەكلى. ياخشى ئېيتىلغان ۋەزدە، دىنىي ئەھكام، دىنىي قائىدىلەر تەشۋىق قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى رېئاللىققا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش سۆزلىنىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتى كۈنساناپ يېڭىلىنىپ بارماقتا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى ھەرقايسى دىنلارغا يېڭى تەلەپلەرنى قويماقتا. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىنىي خادىملىرى ۋە مۇسۇلمانلار ۋەزنىڭ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە تەلىپىگە ماسلىشىشى لازىملىقىنى تونۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈلگەن، دەۋرگە ماسلاشقان يېڭى ۋەز ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلماقتا. شۇڭا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۇيۇشتۇردى. مېنىڭچە، بۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپ ئىزدىنىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشى جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىدۇر.

ئىسلام دىنى "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر" دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئەزەلدىن تارتىپ ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. بۇ قېتىمقى ۋەز مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ياش ئاخۇنلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، بۇ ئېلىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ئىز باسقۇچىلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەن ياش ئاخۇنلارنىڭ پېشقەدەم ئاخۇنلاردىن ئۆگىنىپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ قانۇن، قائىدە-نىزاملىرىغا بويسۇنۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش تەلىپىگە ماسلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ (ئاخىرى 38-بەتتە)

# مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

رەھبەرلەر، ۋەزىچلەر، مېھمانلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسى ئۈچ كۈن جىددىي مۇسابىقىلىشىش ئارقىلىق، بۈگۈن قانائەتلىنەرلىك نەتىجە بىلەن ئاياغلاشتى.

ئالدى بىلەن، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن تۈنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەر، مېھمانلار ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلارنى قىزغىن قارشى ئالىمەن، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەزىچلەرنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدا بىز گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى دىن ئىشلىرى تارماقلىرى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە ماسلىشىپ بېرىشىگە مۇيەسسەر بولدۇق، مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن ئۇلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىم ئۆتكۈزگەن پائالىيەت مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، كەڭ ئاخۇن، مولللار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشىغىمۇ سازاۋەر بولدى. ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بېيجىڭ، يۈننەن، نىڭشىيا، خېنەن، چىڭخەي قاتارلىق جايلار ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى بۇ قېتىمقى مەملىكەت كۆلەملىك مۇسابىقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز ئالدىغا مەخسۇس تاللاش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارغان. بۇ ئارقىلىق جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ دىن پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا كۈچلۈك مەدەت ۋە تۈرتكە بولغان. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىن ئاۋۋال 26 ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى تاللاپ كۆرسەتكەن 135 نەپەر ۋەزىچى مۇسابىقىنىڭ دەسلەپكى باھالىشىغا قاتناشتى. جەمئىيىتىمىزنىڭ جايلارنىڭ ۋەزىچلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەز ماقالىسىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېكىتىشى ئارقىلىق 46 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەزىچى تاللىنىپ، بېيجىڭغا كېلىپ مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇلاردىن 39 ى خۇيزۇ، 6 سى ئۇيغۇر، بىرى سالا. بۇنىڭدىن باشقا يەرلىك بەزى ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ كۆرەكچىلەرنى ئەۋەتتى، بىز ئۇلارنىڭ ئاكتىپ قاتناشقانلىقىنى قارشى ئالىمىز.

ھەممىگە مەلۇم، "ۋەز" دېگەن سۆز "نەسىھەت" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرگە ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىش قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش يەنى قانۇنغا

خىلاپ، ئەخلاق-پەزىلەتكە خىلاپ يامان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا پەند-نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى دۆلەتكە، مىللەتكە، دىنغا پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا يېتەكلەش دېگەنلىك بولىدۇ. ۋەز ئېيتىش مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاخۇن-موللىلىرى جۈمە كۈنى، دىنىي بايراملاردا ۋە تۈرلۈك سورۇنلاردا مۇسۇلمانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى دىنىي نۇتۇق سۆزلەش شەكلى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى ئۆتكۈزۈشتىكى مەقسىتىمىز بۇ كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك دىنىي پائالىيەتنى ئاكتىپ يېتەكلەپ، ۋەزنىڭ مەزمۇنىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، ئىتتىپاق بولۇپ ئالغا بېسىپ، پائال يۇقىرىغا ئۆرلەش روھى بىلەن يېتەكلەش ۋە يۈكسەك ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ۋەز ئېيتىش ئاخۇن، موللىلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇنبىرى، بۇ مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، ياخشى ۋەز ئېيتىش ئاخۇن ۋە موللىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. مول ئىسلام بىلىملىرىگە ئىگە، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان ئاخۇن، موللىلارنىڭ ئېيتقان ۋەزى، شەك-شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشى، دىنىنى سۆيۈشى، قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشى، پائال ئالغا ئىلگىرىلىشى، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان بېجىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىرىنچى كۈندىن بېرى، جايلاردىن كەلگەن ۋەزچىلەرنىڭ ئېيتقان ۋەزى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلاشقان 30 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتتە، ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى ئاخۇن موللىلار ئوخشاشمىغان مىللىي تىللاردا مىڭلىغان-مىليونلىغان مۇسۇلمانلارغا ۋەز ئېيتىدۇ. ئەگەر پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاخۇن، موللىلار ۋەزنىڭ مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈپ، ۋەزنى ياخشى ئېيتىدىغان بولسا، بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىشتا؛ مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش، قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغداش، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداشقا يېتەكلەشتە؛ كەڭ مۇسۇلمانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەنە شادلىققا چۆمگەن ھالدا شۇنى كۆردۇقكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەزچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياشلار، ئۇلارنىڭ مۇسابىقە جەريانىدا نامايان قىلغان بىلىم سەۋىيىسى ۋە دىنىي خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساپاسى كىشىنى خۇشاللاندۇرىدۇ. ئۇلار مەملىكىتىمىزدىكى ياش ئاخۇن، موللىلارنىڭ سىمۋولى ۋە ۋەكىلى، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ زاپاس كۈچى ۋە ئۈمىدىدۇر. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مۇسابىقىگە قاتناشقان بىردىنبىر ئايال ۋەزچى مۇسابىقە جەريانىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيىنى ئىپادىلەپ، مەملىكىتىمىزدىكى زامانىۋى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ خىسلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى.

مەن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق ۋەزچىلەر ۋە كۆرەكچىلەر چوقۇم باشقىلارنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇتۇقىنى (ئاخىرى 4[illegible]-بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار كۆز قارىشى توغرىسىدا

♠ ئىبراھىم فېڭ جىنيۈەن ♠

دۇنيا ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ئالدىدا، مەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بولغان توپ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بەزى كىشلەر ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمستىدىغان، ئاياللارغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرمەيدىغان دىن دەپ قاراشماقتا. بۇ خىل قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ملادى 7 ـ ئەسرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى چاقىرىقىنى چىقارغاندا جەمئىيەتتىكى ئىككى بۆلەك كىشلەرنىڭ قىزغىن قوللىشغا ئېرىشكەن: بۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئاياللار، يەنە بىر بۆلىكى قۇللار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىرىنچى بولۇپ قوللىغۇچى بىر ئايال بولۇپ، ئۇ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (555—620) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئايالى ئىدى؛ قۇللار ئىچىدە ئەڭ ئاۋال ئۇنى قوللىغان كىشى ھەبەشىستانلىق بىلال (؟—691) دېگەن كىشى ئىدى. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بۇ پاكىت كىشلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مۇبادا ئىسلام دىنى ئاياللار ۋە قۇللارنى كەمستىدىغان دىن بولغان بولسا، ئۇنى كەڭ ئاياللار ۋە قۇللارنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىگە قوشۇلۇشىدىكى بۇ خىل قىزغىنلىقىنى قوزغىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىسلام دىنى ئاياللار مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن. «قۇرئان كەرىم» جەمئىي 114 سۈرە بولۇپ، پۈتۈن ئايەتلەر ئىچىدىكى نەچچە يۈز ئايەتتە ئاياللارغا دائىر ھەر خىل مەسىلىلەر بايان قىلىنغان؛ ھەتتا بەش سۈرىنىڭ سۈرە نامىمۇ ئاياللار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك: 3 ـ سۈرە«ئال ئىمران» ، 4 ـ سۈرە «نىسا» ، 19 ـ سۈرە «مەريەم» ، 60 ـ سۈرە «مۇمتەھىنە» ، 65 ـ سۈرە «تەلاق» قاتارلىقلار. كىشلەر بۇ ئايەتلەردىن بايقىۋالىدۇكى، ئىسلام دىنى ئاياللارنى كەمستمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئاياللارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ. ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئاياللارنى قوغداش ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى پۈتكۈل كۆز قارىشىنىڭ ئاساسى.

**بىرىنچىدىن**، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى ئاياللارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم رولىغا ئەھمىيەت بېرىشتە ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، "سىلەر (ئەر ـ ئايال) بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن" دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. "سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن" دېگەن كۆز قاراش مۇنداق بىرنەچچە مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئورتاق شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى بولمىسا بولمايدۇ؛ (2) ئىنسانىيەتنى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئورتاق كۆپەيتكەن، ئىككىسىنىڭ تۆھپىسى باراۋەر، ھېچقايسىسى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ؛ (3) ئەر ـ ئاياللار ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىش پائالىيىتىگە ئورتاق قاتناشقان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن(يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى(يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن(يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار(4 ـ سۈرە 1 ـ ئايەت) .

بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولۇشتەك ئەخلاق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر (46-سۈرە، 15-ئايەت).

مۇبادا، بۇنى ”جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا“ دېگەن بۇ مەشھۇر ھەدىسكە تەتبىقلىساق، شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىنسانىيەتنىڭ كۆپىيىپ بېرىش مەسىلىسىدە ئىسلام دىنى ”سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن“ دېگەن كۆز قاراش ئاساسىدا ئانىلارنىڭ تۆھپىسى ۋە رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشى يەنە ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللانى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللا مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى (33-سۈرە، 35-ئايەت).

ئەر-ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ. ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ (4-سۈرە، 124-ئايەت).

مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن ... ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن (3-سۈرە، 195-ئايەت).

”ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر“ دېگەن بۇ داڭلىق ھەدىسمۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەرلەرگە ئوخشاش ئاكتىپلىق بىلەن بىلىم ئۆگىنىشكە، ئەقىل-پاراستىنى ئۇرغۇتۇپ، تالانت-ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ ھەدىس ئەمەلىيەتتە ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە تەربىيە ئېلىشتەك مۇقەددەس ھوقۇققا ئىگە، بۇ ھوقۇق ئاللا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ھەمدە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەر ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ دېگەن قاراشنى نامايان قىلىدۇ. ”ئاياللار نادان بولسا ئەخلاقلىق بولىدۇ“ دېگەن قاراشنى كۆككە كۆتۈرىدىغان كونا جۇڭگودىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىدەك ئىلغارلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

**ئۈچىنچىدىن**، ئىسلام دىنى ئاياللارغا مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئاتا قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا (يەنى مېيىتنىڭ تەرەكىسىدە) ئەرلەرنىڭ ھەسسىسى بار، ئاتا-ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ ھەسسىسى بار. مەيلى ئۇ (يەنى تەرەكە) ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، ھەر ئادەم (ئاللانىڭ ئادىل شەرىئىتىدە) بەلگىلەنگەن ھەسسىسىنى ئالىدۇ (4-سۈرە، 7-ئايەت).

بۇ بىر تۈپ پرىنسىپ. بۇ پرىنسىپنىڭ ئۇلغار ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇنىڭدا، مىلادى 7-ئەسىردىكى ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ھوقۇق-مەنپەئەتتىدىن سۆز ئېچىشقا بولمايدىغان ئەرەب جەمئىيىتىدىكى پەقەت ئەرلەرلا (ھەتتا پەقەت چوڭ خوتۇندىن بولغان چوڭ ئوغۇللا) پۈتكۈل مال-مۈلۈككە مىراسخورلۇق قىلىش ئەنئەنىسىنىڭ كۈشەندىلىرى بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاللاتائالانىڭ نامى بىلەن ئاياللار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ تەرەكە قىلىنغان بىر قىسىم مال-مۈلكىنى مىراس ئېلىشقا ھوقۇقلۇق، يەنى ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مال-مۈلكى بولىدۇ دەپ جاكارلانغان. بۇ كەڭ ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن باراۋەر بولغان مۇقەددەس ھوقۇققا ئىگە قىلغان. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئىقتىساد جەھەتتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى ئىجتىمائىي مەرتىۋىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ئەڭ تۈپ ھوقۇقتۇر. ئاياللارنىڭ مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۇلاردىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىدىن قىسمەن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئورۇن ئىگىلەپ ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى يۇقىرىدا نەقىل ئېلىپ ئۆتكەن تۈپ پرىنسىپلار مىلادى 7-ئەسىردىلا ئاياللار ئازادلىقىنى تەلەپ قىلىش، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىشنىڭ ئەڭ ئالىي خىتابىنى ياڭراتقان.

**تۆتىنچىدىن**، ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلغان. ھەممىگە مەلۇمكى، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە ئىقتىسادىي ئورنى بولمىغان كەڭ ئاياللارنىڭ سىياسىي جەھەتتىمۇ قىلچە ھوقۇقى بولمايتتى؛ ئۇلار خورلىنىش، ئېزىلىشتىن سىرت، ئەرلەر نېمە دېسە ئۇلارنىڭ سىزىقىدىن چىقماي، خورلۇقلارغا سەۋرى قىلاتتى؛ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، كۆزقاراش، تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى؛ ئۆزلىرى ئويلىغان ئىشلارنى قىلالمايتتى؛ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى تېخىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئابرويى تۆۋەن بولۇپ، گېپى ئۆتمەيتتى، ھەرقانداق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئىپادە بىلدۈرەلمەيتتى. ئىسلام دىنى ئاياللارغا قارىتىلغان بۇ خىل ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئاياللارنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە پىكىر قاتناشتۇرۇش ھوقۇقى ۋە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا،

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىقتا) چاقىرىلغان ۋاقتىدا (گۇۋاھ... تىن) باش تارتمىسۇن (2-سۈرە، 282-ئايەت).

ئايەتتە سۆزلەنگىنى قەرز مۇئامىلە مەسىلىسى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە باشقا مەسىلىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىدىمۇ ئاياللار شۇنىڭغا ئوخشاشلا گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ھوقۇقى، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بۇ نۇقتىغا پەقەت بىر مىسال كەلتۈرسەكلا كۇپايە. ئەگەر ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن ھەر خىل نوپۇزلۇق «ھەدىس شەرىپ»لەرنى ۋاراقلىغاندا، كىشىلەر ئوڭايلا بايقايدۇكى، نۇرغۇنلىغان ئىشەنچلىك ھەدىسلەر فاتىمە، ئائىشە، زەينەب، ئۇممۇ سەلەمە، ئۇممۇ ئەتۇنيە، ئۇممۇ ئەلا، لەيلە قاتارلىق ئاياللارنىڭ بايانىدىن كەلگەن. ئۇلار بايان قىلغان ھەدىسلەرگىمۇ مۇسۇلمانلار ئوخشاشلا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ.

بەشىنچىدىن، ئىسلام دىنى ئاياللارغا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوغدىلىش ۋە ھۆرمەتلىنىش ھوقۇقى ئاتا قىلغان. بۇ خىل ھوقۇق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ:

1. قىز بوۋاقلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى قوغدالدى. قەدىمكى ئەرەب جەمئىيىتىدە بوۋاق باللارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، بولۇپمۇ قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش خاھىشى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قىز بوۋاقلارنى سەۋەبسىزلا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشى، توپ نىگىزىدىن ئېيتقاندا ئۇلارنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغانلىق ئىدى. ئىسلام دىنى روناق تاپقاندىن كېيىن، بۇ خىل يامان قىلمىشلارغا دەرھال جەك ئېلان قىلىپ، قىز بوۋاقلارمۇ ئوخشاشلا ئالالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ ”ھارام نەرسە“ ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى؛ قىز بوۋاقلىرىنى سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ”... ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن (توغرا يولدىن) ئاداشتى، ھىدايەت تاپمىدى“ (6-سۈرە، 141-ئايەت). «قۇرئان كەرىم»دە قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشى قاتتىق قامچىلىنىدۇ ھەم بۇ ”نېمىدېگەن قەبىھ“ ئىجتىمائىي ھادىسە دېيىلىدۇ:

ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ؛ يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئالالاغا نىسبەت بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ ! (16-سۈرە، 58—59-ئايەتلەر).

ئىسلام دىنى قىزلارنىڭ ئوغۇللارغا ئوخشاشلا بېقىلىش، تەربىيىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالالاتائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن كىشىلەرنى: ”ئوغۇل پەرزەنت كۆرسەڭلار خۇشال بولۇپ كەتمەڭلار، قىز پەرزەنت كۆرسەڭلار قايغۇرۇپ كەتمەڭلار“ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، قىز، ئوغۇل پەرزەنتلەرنى ئوخشاشلا تۇغۇپ، بېقىپ ئۆستۈرۈش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ مۇھىم پرىنسىپ كۆپ قېتىم تەكىتلەنگەن:

نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار. ئالالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا

(6-سۈرە، 152-ئايەت).

كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر (17-سۈرە، 31-ئايەت).

2. يېتىم قىزلارنىڭ مال-مۈلكى قوغدىلىدۇ. ئىسلام دىنى يېتىم قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش، ئىگىلىۋېلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق قىلغان كىشىلەرگە "...شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ" (4-سۈرە، 10-ئايەت) دەپ لەنەت ئوقۇيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كىشىلەردىن ۋاقتى قەرەلىدە يېتەرلىك مىقداردا "يېتىم قىزلارنىڭ تەيىن قىلىنغان مىراسىنى بېرىش" (4-سۈرە، 127-ئايەت) تەلەپ قىلىنىدۇ! «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامىنىغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزەڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئۆزەڭلارنىڭ مال-مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر (4-سۈرە، 2-ئايەت).

يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ تۇرۇڭلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار؛ ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، مال-مۈلكىنى بۇزۇپ-چېچىپ يەۋالماڭلار. (يېتىمگە ۋەسى بولغانلاردىن) كىمكى باي ئىكەن، (ۋەسى بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال-مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن، ئۇلار (يەنى بالاغەتكە يەتكەن يېتىملەر)نىڭ مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا باشقىلارنى گۇۋاھ قىلىپ قويۇڭلار، ئاللا ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر (4-سۈرە، 6-ئايەت).

3. ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى ۋە ئاجراشقاندىن كېيىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەر خىل ھوقۇقى شەرىئەتتە قوغدىلىدۇ. ئىسلام دىنى ئاياللارنى زورلۇق بىلەن خوتۇنلۇققا ئېلىشتەك ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرىدۇ؛ جۈملىدىن تۇل خوتۇنلار، بويىغا يەتكەن قىزلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى بارلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ... ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار (4-سۈرە، 19-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "تۇل ئاياللارنىڭ رايىسىز ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭ نىكاھىنى بېكىتىشىگە بولمايدۇ؛ بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ رايىسىز ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭ نىكاھىنى بېكىتىشىگە بولمايدۇ."

ئىسلام دىنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېرىدىن ئاجراشقان ئاياللارمۇ ھەر خىل ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەرلىرىدىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭمۇ مۇۋاپىق بەھرىمەن بولىدىغان ئىشلىرى بولۇشى كېرەك، بۇ تەقۋادارلارنىڭ ئۆتۈشىگە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت."

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

(ياڭ پېنسەن تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن «قۇرئان كەرىمدىكى تۈرلەرگە ئايرىلغان ئاللانىملاردىن تەرجىمە»نىڭ 175-بېتىگە قاراڭ). شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجراشقان ئاياللار مۇۋاپىق بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىشلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئېرى بەرگەن مەھرىگە ياكى بىر قىسىم مەھرىگە ئىگە بولىدۇ («قۇرئان كەرىم»، 2-سۈرە، 236—237-ئايەتلەرگە قاراڭ).

(2) ئىددەت مەزگىلىدە ئاۋالقى ئېرى ئۇلارغا تۇرالغۇ جاي بېرىشى، ئۇلارنى قوغدىشى، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقى كېرەك؛ ئەگەر ھامىلدار بولسا، ئاۋالقى ئېرى ئۇلارنى تاكى بوشانغىچە بېقىشى؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېمىتىۋاتقان باللىرى بولسا، ئاۋالقى ئېرى ئۇلارغا مۇۋاپىق ھالدا ئېمىتىش ھەققى بېرىشى كېرەك («قۇرئان كەرىم»، 65-سۈرە، 6-ئايەتكە قاراڭ).

(3) ئىددەت مۆھلىتى توشقاندا، ئاۋالقى ئېرى ئۇلارنىڭ باشقا ئەرلەر بىلەن يوللۇق ئاساستا ئۆزلىرى خالاپ قوشۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك («قۇرئان كەرىم»، 2-سۈرە، 231—232-ئايەتلەرگە قاراڭ).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلۈك ھوقۇقلار «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ۋە ئاجراشقاندىن كېيىنكى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان؛ ئاياللارنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ئاجراشقان ئاياللارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئەرلەرنىڭ ئاللاتائالا ئالدىدىكى بۇرچىغا ئايلانغان.

4. ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ نام-ئابرويى شەرىئەتتە قوغدىلىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئاياللار دەپسەندە قىلىنىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەرلەر ئاياللارنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنى ئاياغ ئاستى قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنى "پەسلەر"، "ئاپەت ئۇرۇقى"، "ئىپپىتىنى يوقاتقانلار" دەپ ھاقارەتلەيتتى. ئىسلام دىنى بۇ خىل ناھەق قىلمىشلاردىن قاتتىق نەپرەتلەندى. «قۇرئان كەرىم» ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلىغان ئەھۋاللارنى بىرنەچچە يەردە ئەيىبلىگەن، بۇ خىلدىكى تۆھمەتخورلار چوقۇم لەنەتكە ۋە ئېغىر جازاغا ئۇچرىشى كېرەك دەپ قارىغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ:

يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللانىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ (24-سۈرە، 23-ئايەت).

ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەربىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەفىفە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار. ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئاللانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر) (24-سۈرە، 4-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم» دىدەكلەرنى ئىپپەتنى سېتىپ پاھىشە بولۇشقا زورلاشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. ئەزەلدىن پەقەت ئاياللاردىنلا ئىپپەتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىپ، ئەرلەر بىلەن كارى بولماسلىقتەك ئەھۋاللارغا قارىتا «قۇرئان كەرىم»دە ئەرلەرگە "پۇتۇن كۈچى بىلەن ئىپپەتنى ساقلاش" پەرمانى چۈشۈرۈلدۇ:

ئۆيلىنەلمەيدىغانلار، ئاللا ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلغۇچە، ئۆزلىرىنى ئىپپەتلىك تۇتسۇن، قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل-مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى بايقىساڭلار توختام تۈزۈڭلار؛ سىلەرگە ئاللا ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار؛ ئەگەر سىلەرنىڭ چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلىماڭلار، كىمكى ئۇلارنى پاھىشىغا مەجبۇرلايدىكەن، مەجبۇرلانغاندىن كېيىن ئاللا ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) رەھىم قىلغۇچىدۇر (يەنى، پاھىشىغا مەجبۇرلانغانلىقى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، مەجبۇرلىغۇچىلارنى قاتتىق جازالايدۇ) (24-سۈرە، 33-ئايەت).

ئالتىنچىدىن، نىكاھ ۋە ئائىلە تۇرمۇشى جەھەتتە، ئىسلام دىنى ئاياللارنى ھۆرمەتلەشنى ۋە قوغداشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بىر يۈرۈش نىكاھ تۈزۈمى بار. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ خىل نىكاھ تۈزۈمى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىشى، ئاياللارنىڭ ياتلىق قىلىنىشى قورامىغا يەتكەن ھەربىر ئەر-ئايال ئۈچۈن پەرز، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار" (24-سۈرە، 32-ئايەت).

(2) ئەر، ئايال بولۇشدىن قەتئىينەزەر "بالاغەتكە يەتكەندە (توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە)" توي قىلىشقا بولىدۇ. توي قىلىش يېشىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسى يوق، ئەمما، «قۇرئان كەرىم»دە "ئۇلار مال-مۈلكىنى باشقۇرالايدىغان ۋاقىت" دەپ كۆرسىتىلگەن (4-سۈرە، 6-ئايەت).

(3) ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ لايىق تاللاش ھوقۇقى بار. پەقەت ئۆزئارا ئىجاب قويۇشقان، ئۆز ئارا قوبۇللۇق بېرىشكەن ھەمدە ئاز بولغاندىمۇ ئىككى كىشى نەق مەيداندا گۇۋاھلىق (شاھىتلىق) بەرگەن بولۇشتەك ئۈچ شەرت ھازىرلانغان ۋاقىتتا قىلىنغان نىكاھ ئاندىن ھالال (قانۇنلۇق) بولىدۇ، بولمىسا ھارام (قانۇنسىز) نىكاھ ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئۆزىنىڭ ئانىسىنى، قىزىنى، ئاچا-سىڭىللىرىنى، هاممىسىنى، جىيەن قىزىنى، ئىنىك ئانىلىرىنى، ئىمىلداش ئاچا-سىڭىللىرىنى، قېيىن ئانىسىنى، ئانىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۆزى باققان ئۆگەي قىزىنى، كېلىنىنى ۋە بىرۋاقىتتىلا ئاچا-سىڭىل ئىككىيلەننى ئەمرىگە ئېلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئۆزلىرىنىڭ "ئاتىلىرى ئەمرىگە ئالغان ئاياللار"نى ئەمرىگە ئېلىشتەك ئەھۋاللارغا قارىتا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت! " (4-سۈرە، 22-ئايەت). بۇ بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق ئەرلەر ھەرقانداق ئاياللنى خالىغىنىچە ئەمرىگە ئالىدىغان ئەھۋاللار ئىنكار قىلىنىپ، نورمال، مۇۋاپىق، ساغلام، ئەقىل-ئىدراك ئاساسىدىكى نىكاھ ئائىلە تۇرمۇشىغا

www.uyghurkitap.com

كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

(5) ئەرلەر ”ئاياللارغا ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى` خۇشاللىق بىلەن سوۋغا قىلىپ بېرىڭلار“ (4-سۈرە، 4-ئايەت). بۇ مەھرىلەر ئاياللارنىڭ شەخسىي مال-مۈلكى ھېسابىدا مەڭگۈ ئۇلارغا تەئەللۇق بولىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۇنى يەۋېلىشىغا بولمايدۇ. ”ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن بىر قىسمىنى سىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرسە، ئۇنى مەززىلىك، سىڭىشلىق (يەنى پاك، ھالال بىلىپ) يەڭلار (4-سۈرە، 4-ئايەت). ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ”ئۇلارنىڭ بىرىگە (مەھرى قىلىپ) كۆپ مال بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرۇۋالماڭلار. ئۇنى (ئايالغا) قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆزئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟“ (4-سۈرە، 20—21-ئايەتلەر).

(6) توي قىلغاندىن كېيىنكى ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئوخشاش بولىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر“ (2-سۈرە، 187-ئايەت). بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك ئوخشىتىش بولۇپ، بۇ ئوخشىتىش تۇرمۇش قۇرۇشتىكى مەقسەت ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە رىشتە باغلاپ، كۆيۈنۈشۈپ، قارشى تەرەپنى ئىللىق، بەختلىك ھېسسىياتقا ئىگە قىلىشقا، قوغدىلىش ۋە تاكامۇللىشىپ بېرىشقا مۇيەسسەر قىلىش ئىكەنلىكىنى؛ ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنىڭ نامى ۋە ئابرويىنى قوغدىشى لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تەكتلەنىپ مۇنداق دېيىلگەن: ”ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك (2-سۈرە، 228-ئايەت)؛ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى تەكتلىنىپ: ”ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تېرىكچىلىك قىلىڭلار“ (4-سۈرە، 19-ئايەت)، ”ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللانىڭ) بۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر“ (30-سۈرە، 21-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنداق ھالەتنى مەدھىيىلەپ: ”سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەڭ ئېسىل كىشىلەر ئاياللىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىلەردۇر“ دېگەن.

(7) ئاياللارنى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە، ئاياللار سىرتلارغا چىققاندا پۈركەنجە بىلەن ئۆز بەدىنىنى ئورىۋېلىش بەلگىلەنگەن: ”ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭلارغا، قىزلىرىڭلارغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، ئۇلار پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ“ (33-سۈرە، 59-ئايەت). ئىسلام دىنى موسۇلمان ئاياللاردىن سىرتلارغا چىققاندا تەمكىن، سالاپەتلىك بولۇشنى، شاللاق، ئەخلاقسىز، نومۇسسىز بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن

باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن" (24-سۈرە، 31-ئايەت). بۇ ئايەتلەرنىڭ جەۋھىرى شۇ يەردىكى، يامان كىشىلەرنىڭ سەۋەبسىز ئاۋارىگەرچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياللاردا ئۆز ئىززىتىنى ساقلاش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئېڭى بولۇشى كېرەك؛ شۇڭا تالا-تۈزگە چىققاندا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، "تەبىئىي ھالدا چىقىپ تۇرىدىغان" قول، يۈزىدىن باشقا گۈزەللىكى ۋە زىننەتلىرىنى يات كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. نەھايەت، پەقەت ئۆز ئىززىتىنى ساقلايدىغان، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان ئاياللارلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ.

(8) ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللارنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ؛ ئىلمىي، پاكىز، ئىنسانىي جىنسىي تۇرمۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: (ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، 'ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار؛ پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللا بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار'؛ ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ (2-سۈرە، 222-ئايەت).

كىشىلەر دائىم ئىسلام دىنىدا تۆت خوتۇن ئېلىشقا يول قويۇلىدۇ دېگەن مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىدۇ. دەرۋەقە، «قۇرئان كەرىم»دە ئەرلەرنىڭ تۆت خوتۇنلۇق بولۇشىغا يول قويۇش ھەققىدىكى مەزمۇنلار بار (4-سۈرە، 3-ئايەتكە قاراڭ)، ئەمما كىشىلەر بۇ ئايەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ كۆرسە شۇنى بايقايدۇكى، بۇ ئايەتنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ھەرگىز كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىش بولماستىن، بەلكى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى تەشەببۇس قىلىش، چەكلىك، شەرتلىك ھالدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇشتىن ئىبارەت.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەلمىساقتىن تارتىپ توپ نىكاھ تۈزۈمى، كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئەۋج ئالغان. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قەدىمكى ئەرەب جەمئىيىتىدىمۇ شۇنداق بولۇپ، بىر ئەر نۇرغۇن ئاياللارنى خوتۇنلۇققا ئالسا بولاتتى، قانۇنىي جەھەتتە ھېچقانداق سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. «قۇرئان كەرىم»دە تۆتتىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشقا بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، بۇ خىل بەلگىلىمە ئەينى دەۋردىكى چەكلىمىسىز كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا نىسبەتەن ناھايىتى چوڭ تىزگىن بولۇپ، بۇنى سۆزلىمىسەكمۇ ئۆزلۈكىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

مەلۇم بىر مەسىلىنى شۇ مەسىلە ۋۇجۇدقا كەلگەندىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىپ تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئايەت دەل "دېدەك" ساقلاش مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇللۇق تۈزۈمدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۆتۈش دەۋرىدە، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە دىنىي ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىۋاتقان ھالقىلىق مەزگىلدە نازىل بولغان. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىنقىلابى ئەبۇ سوفيان باشچىلىقىدىكى قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جىنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇشىغا ۋە بۇغۇشىغا ئۇچرىغانلىقتىن ئۇ ئۆز ساھابىلىرىنى باشلاپ مەدىنىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. نەچچە يىللىق جاپالىق ئۇرۇشتا نۇرغۇن ئەرلەر ئۆلۈپ كەتكەنىدى. مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار كوممۇنىسى (ئۇممە ھاكىمىيەتى) شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئەرلەر ئاز، ئاياللار كۆپ بولۇشتەك ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا، ئەرلەرنىڭ شەرتلىك، چەكلىك ھالدا بىرنەچچە خوتۇن ئېلىشىغا يول قويۇشنى چۈشىنىشكە بولاتتى، بۇنداق قىلىش ھەم ئەينى دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسىنى كۆپەيتىشنىڭ ئېھتىياجى، ھەم ئەر-ئايال مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە قارىتىلغان بىر خىل ئىپادە ئىدى.

بۇنىڭدىن سىرت بىز يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئايەتتە ئەرلەرنىڭ ئىككى، ئۈچ، تۆت خوتۇن ئېلىشىغا يول قويۇلۇش بىلەن بىرۋاقىتتا "ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇش" دېگەن ئەڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرت بار. ئادىل مۇئامىلىدە بولۇش—مەنىۋى تۇرمۇشتىكى تەرەپلەرنىمۇ، ماددىي تۇرمۇشتىكى تەلەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى يول قويغان كۆپ خوتۇنلۇق، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى خوتۇن-توقال تۈزۈمىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. ئايەتتە، ئەگەر ئەرلەر خوتۇنلىرىغا ئادىل مۇئامىلىدە بولالمىسا "ئۇنداقتا، سىلەر پەقەت بىر خوتۇن بىلەنلا كۇپايىلىنىڭلار"، چۈنكى، "بۇ ئادىللىقتا تېخىمۇ يېقىندۇر" دېيىلگەن.

يۇقىرىدا بىز ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار مەسىلىسىگە ئائىت بىر قىسىم تۈپ كۆز قاراشلىرىنى ئاددىيغىنا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق. بۇنىڭدىن بىز ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداش دەل ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي ئېقىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەن بۇ يەردە نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئوبيېكتىپ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان ھەر خىل خاھىشلارنى ئىنكار قىلىش نىيىتىدە ئەمەسمەن. ئەمما، مەسىلە ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان ھەقىقىي كۆز قارىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتا بولۇپ، قەدىمكىلەرنىڭ دەۋر تامغىسى بېسىلغان ئاشۇ كونا دەۋرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئېسىلىۋېلىش ھاجەتسىز. بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن كىشىلەرگە: "ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك" (2-سۈرە، 228-ئايەت)؛ "ئەر-ئاياللار بىر-بىرىدىن تۆرەلگەن" دەپ داغدۇغىلىق جاكارلىغانىدى. بۇ ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى كەمسىتىدىغان، ئاياللارنى بارلىق ئادەمىي ھوقۇق-مەنپەئەتتىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلىدىغان جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىش ئىدى. ئاياللار مەسىلىسى ئەزەلدىنلا ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئاياللار مەسىلىسىنىڭ ياخشى ھەل قىلىنىش-قىلىنماسلىقى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىلگىرىلىگەن-ئىلگىرىلىمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە. ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئاياللار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇھىم تارمىقى، ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمەتلىنىشكە ۋە قوغدىلىشىغا ئېرىشكەن كۈنى ئايال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازادلىققا ئېرىشكەن كۈن بولىدۇ.

(ئاخىرى 28-بەتتە)

# «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمى

يې فۇيۈن، ماشياۋفېڭ

هازىرقى دۇنيادا بىرمۇنچە مەملىكەتلەر ئۆز مەملىكىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاھالە ساپاسىغا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە، پىلانلىق تۇغۇت ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش-سۈپەتلىك تەربىيىلەش دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى بولۇپ قالدى. شۇڭا، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىكى سۈپەتلىك تۇغۇت نۇقتىئىنەزىرىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى مۇتالىئە قىلىشىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاھالە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك تۇغۇش--سۈپەتلىك تەربىيىلەش ئىشىنى كۈچەيتىشتە ئىنجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەسىلە بولۇپ قالدى.

**1. ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئىختىيارىي قوشۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىش**

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە نىكاھ ئەركىنلىكى، نىكاھقا باشقىلارنىڭ مەجبۇرىي ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئاز ئەمەس. مەسىلەن: "ئۇلار قائىدە بويىچە (تەگمەكچى بولغان) ئېرى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار" (2-سۈرە، 232-ئايەت). "ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار" (24-سۈرە، 32-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "ئى مۆمىنلەر! ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئوپئوچۇق بىر پاھىشە ئىشىنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار (4"-سۈرە، 19-ئايەت). «سەھىھۇلبۇخارى»دا مۇنداق دېيىلگەن: "ساڭا كۆيۈنىدىغان قىزنى ئەمرىڭگە ئالغىن". "قىزنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بولمايدۇ؛ تۇل خوتۇننىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۇنىمۇ خوتۇنلۇققا ئېلىشقا بولمايدۇ. قىز بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سۈكۈت قىلسا، رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ." بۇ، ئەر-ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلى چۈشكەن ئادەمنى تاللاش ھوقۇقى بار، دېگەن سۆزدۇر. ھەممىگە مەلۇمكى، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە كۆيۈشى سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، «قۇرئان كەرىم»دە، پرىنسىپ جەھەتتىن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، بۇ ئەينى زاماندا ھەقىقەتەن قالتىس ئىش.

**2. ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈشنى ۋە ئائىلىدە ئىناق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش**

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاياللار بىلەن ئۇنىسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللانىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدا) مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللانىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر (30"-سۈرە، 21-ئايەت). "ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك،

www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك"
(2-سۈرە، 228-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:
"ئاللا سىلەر(نىڭ ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار)
ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى،
سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى
ياراتتى"(16-سۈرە، 72-ئايەت). ئائىلە ئىناقلىقى
ۋە ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كې-
لىشتۈرۈش ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىلگەن:
"ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ
قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر
ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر
ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللا ئەگەر بۇ ئىككى
كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر-خوتۇن ئىك-
كىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ"(4-سۈرە،
35-ئايەت). بۇخارى توپلىغان ھەدىس شەرىپتە
مۇنداق دېيىلگەن: "ئاياللارغا ئېتىبار بېرىشىڭلار-
نى تەۋسىيە قىلىمەن، ۋەسىيىتىمنى قوبۇل قىلىپ،
شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار!" بۇنىڭدىن قارىغاندا،
ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە
ئائىلە ئىناقلىقى ئائىلە بەخت-سائادىتىنىڭ ۋە جەم-
ئىيەت مۇقىملىقىنىڭ بىر ئامىلى، شۇنداقلا سۈپەت-
لىك تۇغۇت ئىلمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

### 3. ھاراق ئىچىشنى چەكلەش

ھازىر جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىچە، ئۇزاق
مۇددەتكىچە ھاراق ئىچىش ساغلام تۇغۇش ۋە ئىن-
سانلار سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم
بىر ئامىل. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:
"ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇت-
لار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار
)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش
شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر، بەختكە ئې-
رىشىشىڭلار ئۈچۈن، شەيتاننىڭ ئىشىدىنى يىراق
بولۇڭلار"(5-سۈرە، 90-ئايەت). ئايەتتىكى
"بەختكە ئېرىشىش" سۆزىنىڭ مەنىسى چوڭقۇر.
ئەر-خوتۇننىڭ ساغلام بولۇشى ۋە ساغلام،
پەرزەنت كۆرۈشى ھەققىدە بەختلىك ئىش ئە-
مەسمۇ؟ يەنە مۇنداق دېيىلگەن:(ئى مۇھەممەد!)
سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن
ئۇلارغا، 'بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە
كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددىي) پايدىسىمۇ بار، لېكىن
ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ،
دېگىن" (2-سۈرە، 219-ئايەت). مۇھەممەد ئە-
لەيھىسسالام "ئۇزاق مۇددەت ھاراق ئىچكەن ئادەم-
لەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ" دېگەنىدى. «قۇرئان
كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەنە شۇنداق كىشى-
لەرنى ئاللا رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارنى
(ھەقنى ئاڭلاشتىن) گاس قىلدى، (ھىدايەت يو-
لىنى كۆرۈشتىن) كور قىلدى"(47-سۈرە، 23-
ئايەت). بۇنداق "گاسلىق بىلەن كورلۇق"
كېسەللىكى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىدە كۆرسە-
تىلگەن ھەددىدىن ئارتۇق ھاراق ئىچىش ئارقىسىدا
يۈز بېرىدىغان تۇرەلمە غەلىتىلىكىگە ئوخشاپ
كەتمەمدۇ؟

### 4. چېكىملىك چېكىشنى ۋە زىيانلىق نەرسە- لەرنى يېيىشنى چەكلەش

سۈپەتلىك تۇغۇت ئىلمىدە ھامىلدار ئاياللار-
نىڭ چېكىملىك چېكىشى ۋە تۇرەلمىنىڭ يېتىلىشىگە
تەسىر يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى يېيىشى چەكلە-
نىپ، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش، يېمەكلىك كۆپ
خىل بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. «قۇرئان كە-
رىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ "ئۇلارغا پاك نەرسە-
لەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلى-
دۇ"(7-سۈرە، 157-ئايەت). يەنە مۇنداق دېيى-
لىدۇ: "ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال-پاكىز
نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەش-
مەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەن-
دۇر" (2-سۈرە، 168-ئايەت). "ئاللا سىلەرگە
ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆ-

شنى، ئاللادىن غەيرىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى بىلەن ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى"(2-سۈرە، 173-ئايەت). بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق يېمەكلىكلەرنى يېيىش كېسەل پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن، B تىپلىق جىگەر ياللۇغى قان ئارقىلىق يۇقىدۇ، ئۆلۈك نەرسىنى يېگەندە، ئاسانلا زەھەرلىنىدۇ ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ ۋە باشقىلار. قەدىمكى يۇناننىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپى ئارىستوتېلمۇ مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغانىدى: "ئاياللار ھامىلدار چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، تۇرمۇشتا ئەزىملىك قىلماسلىقى، شۇنداقلا سۇيۇق-سەلەڭ نەرسىلەر بىلەنلا كۈن ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم." (چېن چاڭفېڭ قاتارلىقلار: «ئېۋولىيۇتسىيە نەزەرىيەسى ۋە كۈتۈنۈش نەزەرىيەسى»). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "ئادەمگە زىيانلىقلىكى نەرسەمەنئى قىلىنىدۇ"، "مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر". شۇڭا ئىسلام قانۇنى مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئەپيۇن، مورفىن ۋە خېروئىن قاتارلىقلارنى چېكىشنى مەنئى قىلىدۇ.

**5. يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلەش**

يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشى ئاھالە ساپاسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل بولغاچقا، كىشىلەر بۇنىڭغا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. 1400 يىل بۇرۇنلا «قۇرئان كەرىم»دە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلەر بىلەن نىكاھلانماسلىقى بەلگىلەنگەندىن باشقا، يەنە بەزى بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان: 1. يېقىن تۇغقانلار نىكاھلانماسلىق؛ 2. سۈت ئانىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى (سۈت ئەمگۈزگەن ئاتا-ئانا بىلەن ھەم ئۇلارنىڭ قانداش يۇقىرى دېمەت ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قانداش تۆۋەن دېمەت ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئىملدەش ئاكا-ئۇكا، ھەمشىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىكاھلانماسلىق؛ 3. قۇدا تۇغقانلار نىكاھلانماسلىق؛ 4. ئەرلىك ئاياللار بىلەن نىكاھلانماسلىق؛ 5. بىر تەرەپ زىناكار بولسا ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلانماسلىق لازىم. ئالدىنقى ئۈچ تارماق يېقىن تۇغقانلارنىڭ، قۇدا- تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلەشكە قارىتىلغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار"(4-سۈرە، 22-ئايەت)؛ "سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلەرنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئىملدەش ھەمشىرىلىرىڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلەردە تەربىيىلەنگەن قىزلىرىنى(بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيىلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى"، "يەنە ئۆز پۇشتىڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى"(4-سۈرە، 23-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "ئىملدەشلىك مۇناسىۋەت قانداشلىققا ئوخشاش، نىكاھدا ئوخشاشلا ھارام ھېسابلىنىدۇ". «قۇرئان كەرىم»دە ئەينى ۋاقىتتا يەنە مۇنداق بەلگىلەنگەن: زىنا قىلغۇچى ئاياللار "مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى" (24-سۈرە، 3-ئايەت). بۇنداق قىلىش ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ يۇز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈندۇر.

**6. ھەيز مەزگىلىدە بىللە بولۇشنى چەكلەش**

ھازىرقى زامان تىببىي ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھەيز كەلگەندە بىللە بولۇش زىيانلىق، ھەيز مەزگىلىدە بىللە بولغاندا ئاسانلا سۈيدۈك يولى سىستېمىسى ۋە بالىياتقۇدا يۇقۇملىنىش پەيدا بولىدۇ

uyghurkitap.com

ۋە بىر-بىرىگە B تىپلىك جىگەر ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: ("ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى، 'ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، ھەيزدىن پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللا بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار' " (2-سۈرە، 222-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "سىلەر ھەيز مەزگىلىدىكى ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمىساڭلارلا، ھەممە ئىش ئۆز جايىدا بولىدۇ".

7. خوتۇننى قانداق تاللاش توغرىسىدا تەلىم

«قۇرئان كەرىم» دە پەزىلەتلىك، گۈزەل، مېھرىلىك، ئاقكۆڭۈل ئايالنى خوتۇنلۇققا ئېلىش كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن "مۆمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللار، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن بولغان ئەففە ئاياللار سىلەرگە ھالالدۇر" (5-سۈرە، 5-ئايەت)، "ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللانىڭ پاناھىدا ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر" (4-سۈرە، 34-ئايەت)، "ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر، ئاياللارنىڭ ۋە ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلىرىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار" (24-سۈرە، 32-ئايەت). «قۇرئان كەرىم» دە، خوتۇن تاللىغاندا، ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا، پەزىلەتلىك، چىرايلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللار بىلەن ياكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مۇشرىك ئاياللار بىلەن قوشۇلۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنداق قىلىش ئۆز مىللىتىنىڭ ئاھالە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. سەھىھۇلبۇخارىدا مۇنداق دېيىلگەن: "خوتۇن ئېلىشتا ئايال كىشىنىڭ پۇل-مېلى، شان-شەرىپى، ھۆسن-جامالى ۋە دىيانىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ".

8. ئاياللارنىڭ ئىپپىتى توغرىسىدا تەلەپ

«قۇرئان كەرىم» دە، ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئاياللارنىڭ تۇرقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: "مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن" (24-سۈرە، 31-ئايەت). بۇخارى توپلىغان ھەدىس شەرىپتە: "كۆزنىڭ زىناسى قاراشتا، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتە" دېيىلگەن. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ «ئۈچ سۆزلۈك قۇرئالار تەرتىپلىرى» دە ھامىلدار ئاياللارغا قويۇلغان شەھۋانىلىقتا قارىماسلىق، ھەۋىسى غىڭشىشقا قۇلاق سالماسلىق، كەلسە-كەلمەس گەپ قىلماسلىق، غەيرىي تەملىك نەرسىنى يېمەسلىك كېرەك دېگەن تەلەپى بىلەن بىردەك بولۇپ، بۇ، ھامىلە تەسىرچانلىقى ئۈچۈنمۇ مەلۇم ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

9. ھامىلدار بولۇش ۋە ھامىلىنىڭ يېتىلىشى

مەنىدىن ھامىلدار بولۇش توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاللا بىر جۈپنى — ئەركەك بىلەن چىشىنى ياراتتى، ئېتىلىپ چىققان مەنىدىن (ياراتتى)" (53-سۈرە، 45—46-ئايەتلەر)، يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللا سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدا بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇپ (يەنى ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن گۆش باسقۇچلىرىغا بۆلۈپ)، ئۈچ

قاراڭغۇلۇق (يەنى بالا ھەمراھىنىڭ پەردىسى، بەچ-
چىدان ۋە ئانىنىڭ قورسىقى) ئىچىدە ياراتتۇق»
(39-سۈرە، 6-ئايەت) . «بىز سىلەرگە (ئاللانىڭ
قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتائىلار ئادەم ئە-
لەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى
(ئالدى بىلەن) ئابمەنىدىن، ئاندىن لەختە قان-
دىن، ئاندىن شەكىللىك كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈل-
مىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق. بىز خالىغان ئا-
دەمنى بەچچىدانىدا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇر-
مىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاتائىلارنىڭ قارنىدىن) بو-
ۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى
ئاستا-ئاستا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز) . سىلەر
(كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسىلەر، بە-
زىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر،
بەزىلىرىڭلار (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ
نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشىڭلار ئۈ-
چۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات )
قالدۇرۇلۇسىلەر» (22-سۈرە، 5-ئايەت) . يەنە
مۇنداق دېيىلدۇ: «بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەنى
(يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىسى) دىن ياراتتۇق،
ئۇنى بىز (شەرىئەت تەكلىپلىرى بىلەن) سىنايمىز،
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىز (ئۇنى نازىل قىلىنغان
ئايەتلىرىمىزنى ئاڭلىسۇن، كائىناتنى ياراتقۇچىنىڭ
بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كۆرسۇن
دەپ) ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق
» (76-سۈرە، 2-ئايەت) . بۇنداق ئاۋۋال ئاڭلايدى-
غان (ھامىلە بەش ئايلىق بولغاندا) كېيىن كۆرى-
دىغان (تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن بولغاندا) قائىدە ھا-
مىلە تەسىرچانلىقى ئۈچۈن ماددىي ئاساس ياراتقان.

**10. بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئانا سۈتى بىلەن بېقىلىشى توغرىسىدىكى بايان**

«قۇرئان كەرىم» دە تەسۋىرلىنىشىچە، بوۋى
مەريەم ئىنسانى تۇغقان چېغىدا: «تولغاقنىڭ قاتتىق-
لىقى ئۇنى (يۆلىنىۋېلىش ئۈچۈن) بىر خورما
دەرىخىنىڭ يېنىغا كېلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەر-
يەم ئېيتتى: ‹كاشكى، مەن بۇ كۈندىن ئىلگىرى
ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ! كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇن-
تۇلۇپ كەتكەن (ئەرزىمەس) نەرسىگە ئايلىنىپ
كەتسەمچۇ!› جىبرىئىل ئۇنىڭغا خورما دەرىخىنىڭ
ئاستىدىن ندا قىلدى: ‹غەم قىلمىغىن، پەرۋەردىگا-
رىڭ سېنىڭ ئاستىڭدىن (ئېقىپ تۇرىدىغان) بىر
ئېرىقنى پەيدا قىلدى. خورما دەرىخىنى ئۆز تەرە-
پىڭگە ئىرغىتقىن، ئالدىڭغا پىشقان يېڭى خورمىلار
تۆكۈلىدۇ» (19-سۈرە، 23—25-ئايەتلەر) . ھا-
زىرقى زامان تىببىي ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خورما
ھەقىقەتەن قۇۋۋەت، قان بېرىدۇ، بالىياتقۇنى قورۇي-
دۇ. بوۋاقنى ئېمىتىش ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق
دېيىلگەن: «ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە
) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل
ئېمىتىشى لازىم» (2-سۈرە، 233-ئايەت) . بالىنى
ئانا سۈتى بىلەن بېقىشنى تەشەببۇس قىلىش ھا-
زىرقى زامان «ئانا-بوۋاق ساغلاملىقى قانۇنى»غا
مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**11. (ئەر-ئايال) ئاھالە نىسبىتىنى تەڭشەش**

«قۇرئان كەرىم» دە ئوغۇللارنى ساقلاپ، قىز-
لارنى تاشلاش مەنئى قىلىنغان: «ئۇلارنىڭ بىرەر-
سىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىقى خۇش خەۋىرى
يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپناك بولۇپ
كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ،
ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ
نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى
تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئوي-
لىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكمى (يەنى ئوغۇللارنى ئۆز-
لىرىگە نىسبەت بېرىپ، قىزلارنى ئاللاغا نىسبەت
بېرىشى) ھەقىقەتەن نېمىدېگەن قەبىھ!» (16-
سۈرە، 58—59-ئايەتلەر) . ئەينى زاماندا ئەرەب
جەمئىيىتىدە سودا كاساتلىقى يۈز بېرىپ، ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

توختىماي، تۇرمۇش مۇشكۇللىشىپ، تالاپەت (ئاساسەن ئەرلەر) ناھايىتى زور بولغانىدى، شۇڭا دۆلەتنى قوغداش يۈزىسىدىن ئوغۇلنى ساقلاپ، قىزنى تاشلايدىغان يامان ئادەت سىڭىپ قالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ئوتىنى ئۆچۈرۈش، جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشنى كۆزلەپ دىن تارقاتقان. يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”(سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاغا خاسمۇ؟“ (53-سۈرە، 21-ئايەت).

### 12. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانلىرى كۆپرەك، مەسىلەن ئېيتايلۇق: ”ئاللاتائالا پاكىزدۇر، ئۇ پاكىزلىقنى ياقتۇرىدۇ“، ”ئاشقازان ھەممە كېسەلنىڭ كانى، تېزگىنلەش ھەممە دورىنىڭ ئەۋزىلى“، ”ھەرقانداق كېسەللىكنى داۋالاش ئۇسۇلى بولىدۇ“، ”يۇقۇملۇق كېسەللىك ئاللا ئىگىرىكلەرگە كەلتۈرگەن ئاپەت. بىرەر جايدا ۋابا يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، سىلەر بار جايدا ۋابا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەڭلار“. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاممىۋى سورۇنلاردا تۈكۈرۈشنى مەنئى قىلىشنىمۇ ئېيتقان: ”مەسچىتلەردە يەرگە تۈكۈرۈش زور خاتالىق“.

### 13. ئوخشاش جىنس ئىشقىۋازلىقنى مەنئى قىلىش

ئوخشاش جىنس ئىشقىۋازلىقنى مەنئى قىلىش ئۈستىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”لۇتنى (ئەھلى سەمۇدقا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئۆز قەۋمىگە (ئۇلارنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن) مۇنداق دېگەنىدى: ’سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغانىدى. سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي تەلەۋۇڭلارنى قاندۇرۇسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر“ (7-سۈرە، 80—81-ئايەتلەر). شەكسىزكى، بۇ ئوخشاش جىنس ئىشقىۋازلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەش. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەر-ئاياللار قالايمىقان مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ۋە غەيرىي جىنسىي قىلمىشلارنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مۇنداق دېگەنىدى: ”ئاشۇ ئەللەردە كىشىلەر شۇنداق زىناخور، شەرمەندە-نومۇسسىز بولۇپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتىكى، ئۇ يەردە ۋابادىن باشقا، يەنە بەزى ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ“. مەسىلەن ئالساق، ئەيدىز كېسىلى ئەنە شۇنداق ”ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان كېسەللىكتۇر“. «سەھىھۇلبۇخارى»دا يەنە: ”ئايال بىلەن ئايال بىر تۆشەكتە ياتمىسۇن“ دېيىلگەن ھەمدە ئاۋۋال ھامىلدار بولۇپ، ئاندىن نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان.

---

(بېشى 22-بەتتە)

ئەينى دەۋردە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە قوغداشنى تۈپ مەقسەت قىلغان بىر قاتار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشقان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ سەممىي قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنى ھەربىر تارىخچى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

# ئىسلام دىنىدىكى دەپنە مۇراسىمى

شېرىپجان داموللا ھاجى

ئاللاتائالا بۇ دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتلىرىنى يارىتىپ، بۇ مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە ئادەم ئەۋلادىنى بەك ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا ئالاھىدە دەرىجىلەر ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى خەلىپىسى قىلدى. ئاللاتائالا، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ ئىمان كەلتۈرگەن مۆمىن مۇسۇلمان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھايات-ماماتىنىمۇ ئۆز لايىغىدا قەدىرلىدى. مۆمىن كىشى بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ تۇغۇلغان كۈندىكى دەسلەپكى مىنۇتلىرىدا پاكىز يۇيۇندۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئازان، تەكبىرلەر ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىنسا، ئۇ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىپ ئاخىرەت سەپىرىنى قىلغان ئاخىرقى مىنۇت-سېكۇنتلىرىدىمۇ ناھايىتى زور ھۆرمەت-ئېھتىراملار بىلەن يۇيۇندۇرۇلۇپ، ئاپئاق، پاكىز كېيىملەر بىلەن كېيىندۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ياخشى گۇۋاھلىقىدا ناماز ئوقۇلۇپ ئۆز ھۆرمىتى بىلەن ئۇزىتىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئادەم بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ خۇددى بىر ئۆتكۈنچى ئۆتەڭدىن ھاردۇق ئېلىپ بولۇپ كېتىپ قالغاندەك خوشلىشىدۇ. شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان كىشى بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنا مۇددەتلىك ھاياتىنى بەك قەدىرلىشى، ۋاقتىنى بىھۇدە، مەنىسىز ئىشلار بىلەن ئىسراپ قىلماسلىقى، ئىمكانقەدەر ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك ھاياتىدا دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەت ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۈچۈن، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياخشى ناملىرىنى قالدۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش جەريانىدا ھەربىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەتلىشى، ھەمكارلىشىشى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشى كېرەك. شۇنىڭدەك بىرەر قېرىندىشى ۋاپات بولۇپ، ئاخىرەت سەپىرىنى قىلسا، ئۆز لايىقىدا ھۆرمەتلەپ، يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى ئوقۇپ ياخشى ئۇزىتىپ قويۇشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ بىر دىنىي قېرىندىشىغا نىسبەتەن ھەققىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. مەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇشۇنداق دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشىدا پايدىسى بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن ئىسلام دىنىمىزدىكى دەپنە قىلىش پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. ئادەم كېسەل بولغاندا:**

ئىنسانلار بۇ دۇنيادىكى ھاياتىدا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان بەزى كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاتائالانىڭ ھۆكمى بىلەن بېكىتىلگەن فىترى قانۇن بولۇپ، بۇ كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەر داۋالاش ئارقىلىق شىپا تېپىپ ساقىيىپ ئەسلىگە كەلسە، يەنە بەزىلىرى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي شۇ كېسەل تۈپەيلىدىن ۋاپات بولۇپ، ئاخىرەت سەپىرى-

uyghurkitap.com

نى قىلىدۇ. شۇڭا ئادەم بۇنداق كۈتۈلمىگەن كېسەللەرگە، ئاغرىقلارغا يولۇققاندا ناھايىتى سەۋرچانلىق، ساقىيىش ئۈمىدۋارى بىلەن كېسەلنى داۋالىتىشى، ھەرگىز بۇ دۇنيادىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ۋۇجۇدىدىن ۋازكېچىپ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكى كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا كۈتۈلمىگەن ھەر خىل بالا-قازالارنىڭ ھەممىسى ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى سىناش ئۈچۈن مۇپتىلا قىلىدىغان بىر خىل سىناق بولۇپ، بۇ سىناقلارغا شۈكۈر قىلىپ، سەۋر-تاقەتلىك بىلەن بەرداشلىق بېرىپ، ئۇنىڭ مەغپىرىتىگە، رەھمىتىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەلپۈنگەن بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، لېكىن كېسەل كىشىنىڭ سەۋر-تاقەت قىلماي دەپ كېسەلنى داۋالاتماي، ئۆز ھالىتىدە تاشلاپ قويۇشى ياخشى ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز "ئاللاتائالا ھەرقانداق بىر كېسەلنى ئۆز داۋاسى بىلەن چۈشۈرىدۇ، شۇڭا سىلەر داۋالىنىڭلار" دېگەن.

تېنى ساغلام كىشىلەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىشى، تېنى ساق، ساغلام ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ھەممە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاللاتائالاغا كۆپرەك تائەت-ئىبادەت قىلىۋېلىشى، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئالدىن بېجىرىپ تۇرۇشى، ياخشى ئىشلارنى، باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشى، باشقىلار بىلەن ھەرقانداق تېپتا ئاداۋەت ساقلىماسلىقى، ئىمكانقەدەر ۋاقىت ئاجرىتىپ كېسەل بولۇپ قالغان يېقىن تۇغقانلىرىنى، دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياردەملىشىپ بېجىرىدىغان ئىشلىرى بولسا ياردەم بېرىشى كېرەك. كېسەل كىشىلەرنى يوقلاپ كىرگەندە، ئۇلارغا ياقىدىغان ياخشى سۆز، خۇشال قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشى، ئۇلارنى سەۋر قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ پات ئارىدا كېسەلدىن ساقىيىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئاللاتائالانىڭ شىپالىق بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى كېرەك. ھەمدە كېسەل كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسكەرتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭدىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئالاھىدە ھۆرمەتلىشى كېرەك. چۈنكى كېسەل كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز " ئەگەر سەن بىر كېسەل كىشىنىڭ قېشىغا كىرسەڭ، ئۇنىڭغا سەن ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىل. چۈنكى كېسەل كىشىنىڭ دۇئاسى پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسىغا ئوخشاش" دېگەن.

### 2. كېسەل ئادەم سەكراتلىق ھالەتتە:

بۇ دۇنيادا ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلۈم گىرداۋىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. بەزى ۋەقە-ھادىسىلەر بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولسا، يەنە بەزى كېسەللەر داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەندە ئادەمنى ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئاللاتائالا بۇ دۇنيادا ياشاش مۇددىتى توشۇپ ئەجىلىگە يەتكەن كىشىلەرنى ئۆلۈمگە سەۋەبچى قىلىپ، ئالدىن بېكىتىپ قويغان تەقدىرىدۇر. كېسەل كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ھالىتى سەكراتلىق ھالەت دەپ ئاتىلىدۇ. كېسەل كىشىلەر بۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، قالايمىقان ئادەملەر ئۇنىڭ قېشىغا كىرمەسلىكى كېرەك، پەقەت ئۇنىڭغا يېقىن، ئەھۋالىدىن ياخشى خەۋەر ئالالايدىغان، تەقۋادار، ۋەسىيەت قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بار كىشىلەر كىرسە بولىدۇ. كېسەل كىشى بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئەتراپتىكى كىشىلەر تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئورۇندىشى كېرەك:

(1) ئالدى بىلەن كېسەل كىشىنىڭ ئوڭ يېنىنى باستۇرۇپ، قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويۇشى ياكى كېسەل كىشىنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ

پۈتىنلەي ئۇچىنى قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ، باش تەرەپنى بىرئاز كۆتۈرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇ ئىككى خىل ياتقۇزۇش ئۇسۇلىدا كېسەل كىشىنىڭ بارلىق ئەزالىرى قىبلىگە يۈزلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئالدىنقى ياتقۇزۇش ئۇسۇلى ياخشى دەپ قارىلىدۇ.

(2) كېسەل كىشىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، يېنىك تەكرارلىشى، ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزى «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» بىلەن ئاياغلىشىشى كېرەك. شاھادەت ئۆگەتكەندە، بەك قوپاللىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇپ كۆپ تەكرارلاپ كېسەلنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك.

(3) كېسەلنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر كۆپرەك دۇئا قىلىشى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى، بولۇپمۇ سۈرە ياسىننى ئوقۇشى كېرەك. قۇرئان ئوقۇغاندا ئىچكى ئاۋازدا ئوقۇشى لازىم.

(4) كېسەل كىشىگە ئاللاتائالانى زىكرى قىلدۇرۇشى، ھاياتىدىكى ياخشى ئىش ئىزلىرىنى ئېسىگە سېلىپ، ئاللاتائالا چوقۇم مىنى ئەھلى جەننەتلەرنىڭ قاتارىدا قىلىدۇ دەيدىغان تونۇشقا ئېلىپ كېلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاتائالا ھەدىس قۇدۇسىدا ”مەن بەندىلىرىم قانداق گۇمان قىلسا شۇنداق ھالەتتە بولىمەن“ دېگەن.

## 3. كېسەل كىشى جان ئۈزگەندە:

سەكراتلىق ھالەتتىكى كېسەل كىشىنىڭ ئەھۋالى بىردىنلا ئۆزگىرىپ جان ئۈزگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ۋاپات بولغانلىقىغا ھەر خىل سىناقلار ئارقىلىق ئىسپات تۇرغۇزۇلسا، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئالدى بىلەن ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويۇشى، ئېڭىكىنى قوشتۇرۇپ قويۇشى، ھەمدە مېيىتنى يەردىن ئازراق كۆتۈرۈلگەن بىر تاختايىنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۈستىگە پۈتۈن بەدىنىنى تولۇق ياپالىغۇدەك چوڭ بىر يوپۇق يېپىپ قويۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تۇغقانلىرى، دوست-بۇرادەرلىرى تۆۋەندىكى ئىشلارغا تۇتۇش قىلىشى كېرەك:

(1) ۋاپات بولغان كىشىنىڭ باشقىلار بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئېلىش-بېرىش ئىشلىرى بولسا ئېنىقلاپ، قەرزلىرى بولسا ئادا قىلدۇرۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ”مۆمىن كىشىنىڭ روھى قەرزى ئادا قىلىنىپ بولمىغۇچە ئۇنىڭغا باغلىنىپ تۇرىدۇ“ دېگەن.

(2) ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى، يار-بۇرادەرلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشى، ئۇلارغا ناھايىتى تۆۋەن، قايغۇلۇق ئاۋازدا خەۋەر يەتكۈزۈشى كېرەك. ھەرگىز ۋارقىراپ-جارقىراپ تۇۋلىماسلىقى، باشقا كىشىلەرگە تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇرماسلىقى كېرەك.

(3) مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش ئىشلىرىغا جىددىي تۇتۇش قىلىشى كېرەك.

(4) مۇسىبەت يەتكەن مېيىتنىڭ ئىگىلىرى ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشى، ھەرگىز ئاھ ئۇرۇپ، ئۆن سېلىپ يىغلىماسلىقى، ئاللاتائالادىن مېيىتكە رەھمەت، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. كۆڭلى يېرىم بولۇپ، ئاۋاز چىقارماي، كۆز يېشى قىلسا بولىدۇ.

## 4. مېيىتنى قانداق يۇيۇش كېرەك؟

مېيىتنى يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، دەپنە قىلىش ئىشلىرى ئىسلام دىنىمىزدا پەرز كوپايە بولۇپ، بۇ پەرزنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى ئادا قىلسا، قالغان قىسمىنىڭ گەدىنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان بىر خىل دىنى مەجبۇرىيەت. شۇڭا مېيىتنى يۇيۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە يۇيۇش سالاھىيىتىگە شەرتلىرى توشقان بىرقانچە كىشىلەر تەرىپىدىن ئورۇندالسا، بۇ پەرز تولۇق ئادا قىلىنغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مېيىتنى يۇيۇشقا سالاھىيىتى توشىدىغان كىشىلەرنىڭ شەرتى: ئالدى بىلەن مۇسۇلمان، ئاقىل بولۇشى، مېيىتنى يۇيۇشنى نىيەت قىلىشى، راستچىل، ئىشەنچلىك بولۇشى، مېيىتنى شەرىئەت كۆرسەتكەن يوسۇندا يۇيالايدىغان بولۇشى، مېيىتنىڭ بەدىنىدە بەزى ئەيىب نۇقسانلار بولسا، باشقىلارغا يايمايدىغان بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ مېيىتنى يۇيۇش سالاھىيىتى توشىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى سەۋرچانلىق بىلەن مېيىتنى يۇيۇش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇلار يۇسا تېخى ياخشى.

مېيىتنى يۇيۇش ئالدىدا ئۇنى پەردە كەينىگە ئېلىپ كىرىپ، تاختاي ئۈستىگە ياتقۇزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە كىيىم ياكى ئورالغان نەرسىلەر بولسا سالدۇرۇۋېلىپ، كىندىكىدىن تىزىغىچە ئەۋرىتىنى ياپالىغۇدەك بىر پارچە رەخت بىلەن يېپىپ قويىدۇ ھەمدە مېيىت ياتقان تاختاينى تاق قېتىم (ئۈچ ياكى بەش ياكى يەتتە قېتىم) خۇش خۇي ھىدلار بىلەن ئىسرىقدايدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا پاسكىنا سۇلارنىڭ تاختاينىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئېقىپ چۈشۈشى ئۈچۈن، باش تەرىپىنى ئازراق كۆتۈرۈپ قويۇپ، قولىغا بىر پارچە يۇمشاق رەخت پارچىسىنى ئېلىۋېلىپ، مېيىتنىڭ نىجاسەت ئورۇنلىرىنى، نىجاسەت تېگىپ قالغان جايلىرىنى سۈرتۈپ، يۇيۇپ پاكىزلىۋالىدۇ.

مېيىتنى رەسمىي يۇيۇشقا باشلىغاندا، يۇغۇچى كىرگەن كىشى قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى ھۆل قىلىپ، مېيىتنىڭ كالپۇك، چىش تۈۋلىرىنى، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى سۈرتۈپ پاكىزلەپ قويىدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنى نامازغا تاھارەت ئالغاندەك تاھارەت ئالغۇزىدۇ. لېكىن ئېغىز-بۇرۇنلىرىغا سۇ كىرگۈزمەيدۇ. ئاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئوڭ يان تەرىپىگە سۇ قۇيۇپ، پاكىز يۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سول يان تەرىپىگە سۇ قويۇپ يۇيىدۇ. ئاخىردا باش-ساقاللىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئاستىغا قارىتىپ يېنىك سىلايدۇ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن مېيىتنىڭ ئارقى-ئالدىدىن نىجاسەت چىقىپ قالسا، چىققان نىجاسەتلەرنى پاكىزلىۋەتسە بولىدۇ. قايتىدىن تاھارەت، غۇسلى قىلدۇرۇش ھاجەتسىز. لېكىن شۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەككى، مېيىتنى يۇغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزاسىنى بىر قېتىم ئالا قويماي يۇيۇش پەرز بولۇپ، يۇيۇش جەريانىدا بەدەنىنىڭ ھەرقانداق جايىغا سۇ تەگمەي قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇ بەدەننى پاكلايدىغان ھەر خىل سوپۇن ياكى كافۇر سۇلىرى بولسا بولىدۇ. لېكىن شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش كېرەككى، مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا ھەرگىز قاتتىق قوللۇق قىلماسلىقى، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈگەندە يۇمشاق-سىلىق بولۇشى كېرەك.

## 5. مېيىتنى قانداق كېپەنلەش كېرەك؟

مېيىتنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كېپەنلەش كېرەك. مېيىتنىڭ كەپەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ساقلاپ قويغان ئىقتىسادى بولسا شۇنىڭغا سېتىۋالسا بەك ياخشى بولىدۇ. ئەگەر مېيىت ھايات ۋاقتىدا ئاجىز، تۇرمۇش جەھەتتىن باشقىلارغا تايىنىپ ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇش راسخوتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر پۇل ئاجرىتىپ كېپەنلىك چىقىمىنى كۆتۈرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىسا مۇسۇلمانلار ئىقتىسادىي خەزىنىسىدىن ياكى پۇلدار مۇسۇلمانلار ئۆز يېنىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئۆلگۈچىنىڭ كېپەنلىك رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىدۇ.

ئەر كىشىنىڭ سۈننەت تەرىقىدىكى كېپەنلىكى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: (1) قەمىس (مېيىتنىڭ گەدىنىدىن پۇتىغىچە كېلىدىغان، يەڭ، يانچۇقلىرى بولمىغان توپتوز ئاق كۆڭلەك)، (2) ئىزار

(مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە بولى-
دىغان ياكى ئۇنىڭدىن قىسقاراق كېلىدىغان مېيىت-
نى ئورىيالىغۇدەك ئاق رەخت)، (3) لىفافە (بۇ
مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كۆك-
لەك، ئىزارلىرى بىلەن قوشۇپ ئورىيالىغۇدەك ئى-
زاردىن سەل ئۇزۇنراق كېلىدىغان ئاق رەخت
) لەردىن ئىبارەت. شارائىت تولۇق بولمىغاندا ئىزار
بىلەن لىفافە كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئامال يوق بىر
ئەھۋال ئۇستىدە بولسا، لىفافە بىلەنلا كېپەنلىسىمۇ
بولىۋېرىدۇ.

ئايال كىشىلەرنىڭ سۈننەت تەرىقىسىدىكى
كېپەنلىكى بەش بولۇپ، ئۇلار: (1) قەمىيس،
(2) ئىزار، (3) لىفافە، (4) خىمار (بۇ ئايال
كىشىنىڭ بېشىدىن كۆكسىگىچە چۈشۈرۈلۈپ،
كۆڭلەكنىڭ ئۇستىدە ئىزارنىڭ ئاستىدا چېگىپ
قويۇلىدىغان ياغلىق)، (5) خىرقە (بۇ ئايال كى-
شىنىڭ كۆكسىنى ياپتۇرۇپ چېگىپ قويىدىغان
رەخت پارچىسى) لاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر بۇ-
نىڭغا شارائىت تولۇق بولمىسا ئىزار، لىفافە، خىمار
بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

مېيىتنى كېپەنلەشتە ئالدى بىلەن كېپەنلىك-
لەرنى تاق قېتىم (ئۈچ، بەش، يەتتە قېتىم)
ئىسرىقداپ خۇش بۇي بېرىپ بولۇپ، ئاندىن لىفا-
فەنى سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىزارنى يايىدۇ. ئان-
دىن مېيىت ياخشى سۈرتۈلۈپ قۇرۇغاندىن كېيىن،
ئىزارنىڭ ئۇستىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ باش، ساقاللىرىغا،
سەجدە قىلىدىغان ئورۇنلىرىغا (پېشانە، بۇرۇن،
ئىككى قول، ئىككى تىز، ئىككى پۇتلىرىغا) خۇش
بۇي نەرسىلەرنى قويىدۇ. ئەگەر خۇش بۇي كافۇر-
دىن بولسا ياخشى دەپ قارىلىدۇ. ئاندىن كېيىن
مېيىتكە قەمىيسنى كىيدۈرۈۋېلىپ، ئىزارنىڭ سول
تەرىپىنى مېيىتنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ، ئوڭ تەرىپى
بىلەن باستۇرۇپ ئورايدۇ. لىفافىنىمۇ ئىزارنىڭ
ئۇستىگە شۇنداق ئورايدۇ. ئەگەر كېپەنلىكنىڭ بو-
شاپ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇنىڭ باش
ۋە ئاياغ تەرىپىنى بوش تېگىپ قويسىمۇ بولىدۇ.

ئايال كىشلەرنى كېپەنلىگەندىمۇ مۇشۇ تەر-
تىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ كۆك-
سىگە خىرقە چېگىپ قويۇلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ چېچى
ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، كۆڭلەكنىڭ ئۇستىدە
مەيدىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ياغلىقى
كۆڭلەكنىڭ ئۇستىدە چاچلىرىنى ياپتۇرۇپ چېگى-
لىدۇ. ئەمما ئەر-ئايال مېيىتلەرنى كېپەنلىگەندە
چاچ ساقاللار تارالمايدۇ، ھەم چاچ تىرناقلار ئېلىن-
مايدۇ.

**6. مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا:**

مېيىت نامىزىنى ئادا قىلىش ئىسلام دىنىدىكى
كوللېكتىپ بىر دىنىي پائالىيەت بولۇپ، بۇنىڭغا
قاتنىشىدىغان جامائەتنىڭ ئاز-كۆپلۈكى شۇ مېيىت-
نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، كىشىلەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى قا-
تارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقتىمۇ
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە بولغان قېرىن-
داشلىق ھېسسىياتى يەنىلا ئۇلارنى بىر يەرگە جەم
قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇنداق كوللېكتىپ پائالىيەت-
لەرگە باشلاپ بارىدۇ. شۇڭا ئىمام مېيىت نامىزىنى
چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن يىغىلغان جامائەتكە ھايات-
ماماتلىقنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرۈپ، بىز قانداق
پەيدا بولدۇق، قانداق ياشىشىمىز كېرەك، قانداق
ۋاپات بولۇشىمىز كېرەك دېگەنلەرنى ئېسىگە سې-
لىپ، كۆز ئالدىدىكى نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا
تۇرغان مېيىتنىڭ ۋاپاتىدىن ئىبرەت ئېلىشقا تە-
شەببۇس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،
ئادەم ھاياتىنىڭ ناھايىتى قىسقا ئىكەنلىكىنى، شۇن-
داقتىمۇ ئۇ بۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان
سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، جەمئىيەتتە
ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىشلارغا دۇچار بو-
لۇپ، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەزى كىشىلەرنى رازى قىلالىسا يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇپ، ئۆزئارا زىددىيەت چىقىرىدىغانلىقىنى ھەتتا بۇ زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئاداۋەت ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەگەر نامىزىنى چۈشۈرۈش ئالدىدا تۇرغان مېيىتنىڭ مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلىرى بولسا، يىغىلغان جامائەتنىڭ رازى بولۇپ كېتىشىنى، ئەگەر مېيىت بىلەن ئىقتىسادىي ئېلىش-بېرىشى بولسا، مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن كېلىشىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. بۇ بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ئومۇملىشىپ كەلگەن بەھىللىق سوراش ئادىتى بولۇپ، بۇنىڭ ۋاقتى قىسقا، مەزمۇنلۇق، دۇنيا سۆزى ئارىلاشمىغان، جامائەتنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدىغان، مېيىت نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ قويمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا بولسا، دىنىمىزدا ياخشى ئادەتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. ھەممە بۇ ۋاپات بولغۇچىنى بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرىدىن خالاس قىلىپ، ئاخىرەتلىك سەپىرىگە پاك-پاكىز ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ھايات كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئىنتىلىشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى ھەقىقەتەن ياخشى، ئۇنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان، جەمئىيەتكە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىلىرى، ياخشى ئىش ئىزلىرى بولسا، جامائەتكە سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى، شەرەپلىك ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە جامائەتتىن ياخشى گۇۋاھلىق ئېلىش كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز: ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆلۈكلەرگە گۇۋاھچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئىمام بۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار بىر جىنازە نامىزىغا بارغاندا ئۇلار شۇ مېيىتكە ياخشى باھا بېرىپ ماختىغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاجىپ بولدى دېگەن. كېيىن ئۇلار يەنە بىر جىنازە نامىزىغا بارغاندا ئۇ مېيىتنىڭ يامان تەرىپىنى قىلىشىپ كەتكەن. (بۇنىڭغىمۇ ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاجىپ بولدى دېگەن ( بۇ ۋاقىتتا) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمە ۋاجىپ بولدى دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ماۋۇ كىشىنى ماختىۋېدىڭلار ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولدى. ماۋۇ كىشىنى ئەيىبلىۋېدىڭلار بۇنىڭغا دوزاخ ۋاجىپ بولدى. سىلەر بولساڭلار ئاللاتائالانىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى دېگەن". يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبىرىمىز "سىلەر ئۆلۈكلىرىڭلارنىڭ ياخشى ئىش ئىزلىرىنى سۆزلىشىڭلار" دېگەن. شۇڭا بىر كىشىنى ئاخىرەت سەپىرىگە ئۇزىتىش ئالدىدا ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى، ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى كۆپلەپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ يامان تەرەپلىرىدىن سۆز ئاچماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ توغرىسىدىمۇ پەيغەمبىرىمىز يوليورۇق بېرىپ: "سىلەر ئۆلۈكلىرىڭلارنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە كېتىپ قالدى " دېگەن.

### (7) مېيىت نامىزىنى قانداق ئادا قىلىش كېرەك؟

مېيىت نامىزىنى ئادا قىلىش ئىسلام دىنىدا پەرز كۇپايە بولۇپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئادا قىلىشى بىلەن قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇ نامازنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرى: ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشى، كىيىمى، ئۆزى پاكىز بولۇشى، قىبلىگە يۈزلىنىشى كېرەك. يەنە ناماز چۈشۈرمەكچى بولغان مېيىتنىڭ يۇيۇلغان بولۇشى ھەممە جامائەتنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

مېيىت نامىزىنىڭ ئىككى پەرزى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىسى قىيامدا تۇرۇش، يەنە بىرى تۆت تەكبىرنى ئوقۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، قالغان پائالىيەت-

لەر سۈننەت ھېسابلىنىدۇ.

مېيىت نامىزىغا ئىمام بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ يۇرتنىڭ سۇلتانىنى ياكى قازىسىنى تەكلىپ قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ بولمىسا مېيىت ۋاپات بولغان مەھەللىنىڭ ئىمامى باش بولۇپ، نامازنى چۈشۈرسە بولىدۇ. ئەگەر ئۇمۇ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىر بولالمىغان بولسا، مېيىتنىڭ ئىگىلىرى، يېقىنلىرى ئىمام بولۇپ چۈشۈرسە بولىدۇ. ئەگەر مېيىتنىڭ ئىگىسى نامازغا كېچىكىپ قېلىپ، نامازغا داخىل بولالمىغان بولسا، نامازنى قايتىدىن ئوقۇسا بولىدۇ. لېكىن مېيىت ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ نامازنى قايتىلاپ ئوقۇشىغا بولمايدۇ.

ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى باشقا بىر يۇرتتا بولۇپ، ئۇ يەرگە بېرىپ، نامىزىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى تۇرغان جايدا قىبلىگە يۈزلىنىپ غائىپ نامىزى ئوقۇسا بولىدۇ. ناماز چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشقا تېگىشلىك مېيىت، ناماز ئوقۇلماستىن دەپنە قىلىنىپ قالغان بولسا، مېيىتنىڭ چىرىپ كېتىشىدىن بۇرۇن قەبرە بېشىغا بېرىپ ناماز چۈشۈرسە بولىدۇ. ئەگەر ناماز چۈشۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە مېيىت كەلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇلارغا بىر ناماز بىلەنلا ناماز چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ ياكى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ناماز چۈشۈرسىمۇ بولىدۇ.

**مېيىت نامىزىنى ئادا قىلىش ئۇسۇلى**

ئىمام مېيىتنىڭ مەيدىسى ئۇدۇلىدا تۇرىدۇ، جامائەت ئىمامنىڭ كەينىدە ئۈچ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەپ بولۇپ تۇرسا بولىدۇ. ئىمام نامازغا كىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئوقۇپ، قولاق قېقىپ نامازغا كىرگەندە، جامائەتمۇ تەڭ تەكبىر ئوقۇپ نامازغا كىرىدۇ. ئاندىن كېيىن سانا (سوبھانەكەللاھۇممە، ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارەكەسمۇكە، ۋەتەئاللا جەددۇكە، ۋەلائىلاھە غەيرۇكە) نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئىمام ئىككىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ بولۇپ دۇرۇد (ئەللاھۇممە سەللىئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلائالىي مۇھەممەدىن كەماسەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلائالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيدۇن، ئەللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋەئەلائالىي مۇھەممەدىن كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلائالىي ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىيدۇن مەجىيدۇن) نى ئوقۇيدۇ.

ئىمام ئۈچىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ مېيىتكە، بارلىق تىرىك، ئۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىگە دۇئا (ئەللاھۇممەغفىر لىھەيىينا، ۋەمەييىتىنا، ۋەسەغىرىنا ۋەكەبىرىنا، ۋەزەكرىنا ۋەئۇنسانا، ۋەشاھىدىنا ۋەغائىبىنا ئەللاھۇممە مەنئەھيەيتەھۇ مىننا، فەئەھيىھى ئەلەل ئىسلام ۋەمەن تەۋەففەيتەھۇ مىننا فەتەۋەففەھۇ ئەلەل ئىيمان ئەللاھۇممە لاتەھرىمنا ئەجرەھۇ ۋەلاتۇدىلەنا بەئدەھۇ) نى ئوقۇيدۇ. ئەگەر مېيىت كىچىك بالا بولسا (ئەللاھۇممەجئەلھۇ لەنا فەرتەن ۋەزۇخرەن شافىئەن، مەشىففەئەن) دەپ دۇئا قىلىدۇ. ئىمام دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆتىنچى تەكبىرنى ئوقۇپ سالام بېرىدۇ. ئىمام بىرىنچى تەكبىردىن كېيىن قول كۆتۈرمەي تەكبىرلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىدۇ. كەينىدىكى جامائەت ئىچكى ئاۋازدا ئوقۇپ ئىمامغا ئەگىشىدۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن مېيىت نامىزى تامام بولىدۇ.

**(8) مېيىتنى دەپنە قىلىش:**

مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مېيىتنىڭ تۇغقانلىرى، يار-بۇرادەرلىرى تاۋۇتنى تېزدىن كۆتۈرۈشۈپ قەبرىستانلىق تەرەپكە ئېلىپ مېڭىشى كېرەك. تاۋۇتنى كۆتۈرگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئوڭ مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈشى، بىرئاز ھارغىنلىق ھېس قىلغاندا سول مۈرىگە يۆتكىشى كېرەك. قالغان جامائەت ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىغا، ئەمەلىي شارائىتلىرىغا قاراپ، مېيىتنىڭ تاۋۇتىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشى كېرەك، ئىمكانىيىتى بولسا، تاۋۇتنىڭ كەينىدىن ماڭسا بولىدۇ. جىنازىنىڭ كەي-

www.uyghurkitap.com

نىدىن قەبرىستانلىققا بېرىش سۈننەت بولۇپ، ئە-
گىشىپ ماڭغاندا چوقۇم قايغۇرۇش ھالىتىدا ئۇلۇغ
ئاللاتائالانى ياد ئېتىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا مەڭ-
گۈلۈك خوشلىشىپ كېتىۋاتقان دىنىي قېرىندىشى
ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. ھەممە بۇ
قېرىندىشىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇندىن
كېيىنكى ھاياتىدا قانداق ئىشلارنى قىلىشى، قانداق
ئىشلارنى قىلماسلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ
مېڭىشى، ھەرگىز دۇنيا سۆزلىرىنى، كۈلكە-چاقچاق-
لارنى قىلىپ يۈرمەسلىكى لازىم. ئەگەر بىر مۇسۇل-
مان كىشى باشقىلارنىڭ يول ئۈستىدە جىنازىنى
كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئورنىدىن تۇ-
رۇپ خوشلىشىشى كېرەك. قەبرىستانلىققا يېتىپ
بارغاندا، تاۋۇتنى يەرگە قويۇشتىن بۇرۇن ئالدىدا
ئولتۇرۇۋالماسلىقى كېرەك.

مېيىت ئۈچۈن تەييارلانغان قەبرىنىڭ چوڭ-
قۇرلۇقى بەلگىلىك بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ-
دىن چوڭقۇر ھالدا ئىچكى ئۆي-تاشقى ئۆي قى-
لىپ تەييارلانسا تېخىمۇ ياخشى. مېيىتنى قەبرىگە
ئېلىپ كىرگەندە قىبلە تەرەپ بىلەن ئېلىپ كىرىش
كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بولمىسا قايسى
ئۇسۇلدا ئېلىپ كىرسە بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر مېيىت
ئايال كىشى بولسا، قەبرىنىڭ ئاغزىنى بىرەر نەرسە
بىلەن پەردە قىلىپ توسۇپ تۇرۇش كېرەك.

مېيىتنى قەبرىگە ئېلىپ كىرگەن كىشىلەر
مېيىتنى قەبرىگە قويغاندا، "بىسمىللاھى ۋەدەئناكە،
ۋەئەلامىللەتى رەسۇلۇللاھى سەللەمناكە" دەپ ئو-
قۇپ مېيىتنىڭ ئوڭ يېنىنى باستۇرۇپ، قىبلىگە
يۈزلەندۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويىدۇ ھەممە كېپەنلىكنىڭ
يېشىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، چىگىپ قويغان
چىگىشلەرنى يېشىپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ
كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەبرىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ
توپا تاشلاشقا باشلايدۇ.

مېيىتنىڭ قەبرىسىنى ياسىغاندا سۈننەت تەرە-
قىسىدە يەر يۈزىدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈپ ئو[illegible]
ئۇچلاپ، چوققا چىقىرىپ قويسا بولىدۇ. قەبرىنى
كۆتۈرمەي تۈز ھالىتىدە قويۇپ، بەزى تاش ياكى
ياغاچلار بىلەن بەلگە قىلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. چۈن-
كى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان بىننى مەز-
ئۇننىڭ قەبرىسى ئۈستىگە بىر تاش بىلەن بەلگە
قىلىپ قويغان.

### (9) تەزىيە بىلدۈرۈش، قارىلىق تۇتۇش:

تەزىيە بىلدۈرۈش دېگەنلىك ئەسلى، مۇسى-
بەت كەلگەن كىشىلەرگە تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى
ئۆزلىرىگە يەتكەن مۇسىبەتكە سەۋر-تاقەتلىك بى-
لەن مۇئامىلە قىلىشقا تەشەببۇس قىلىش ھەممە
ئاللاتائالادىن ئۇلارنىڭ مۇسىبەتكە قىلغان سەۋر-
تاقەتلىرىگە ئەجىر-ساۋاب تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىش
ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەنىۋى جەھەت-
تىن ئۇلارغا ئورتاقلىشىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك پائا-
لىيەت بولۇپ ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ
ئىسلام دىنىمىزدا مۇستەھەپ ئىشلار قاتارىدا سانىلى-
دۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە مۇ-
سىبەت كەلسە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا مۇسىبەت يې-
تىپ ئۈچىنچى كۈنىگىچە ھەرقانداق ئۇسلۇبتا
بولسۇن، بىر قېتىم تەزىيە بىلدۈرۈشى، ئۇلارنىڭ
قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشى "
ئەززەمەللاھۇ ئەجرەكە، ۋەئەھسەنە ئەزاكە، ۋەغەفەرە-
لىمەييىتىكە" دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: ئاللاتائالا ساڭا
ئەجىر-ساۋاب بەرسۇن، ياخشى سەۋر-تاقەت ئاتا
قىلسۇن. مېيىتىڭنى مەغپىرەت قىلسۇن" دېگەن
بولىدۇ. مۇسىبەت يەتكەن كىشى جاۋاب قايتۇرۇپ:
"ئىستەجابەللاھۇ دۇئائەكە ۋەرەھىمەنا ۋەئىيياكە"
دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: دۇئايىڭنى قوبۇل قىلسۇن
ھەممە بىزگە ۋە ساڭا رەھمەت قىلسۇن! دېگەن
بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار بىر-بىرى بىلەن
ئورتاقلىق ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلىشىپ، دىنىي قې-

رىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، لېكىن شۇنى بىلىۋېلىش كېرەككى، تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارغان ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەرنىڭ قايتىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايغۇرۇشىغا، كۆز يېشى قىلىپ يىغلىشىغا سەۋەبچى بولماسلىقى كېرەك.

هازىر بىزنىڭ دىيارىمىزدا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۇسلۇبلىرى، سۆز-ئىبارىلىرى خىلمۇخىل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، تەزىيە بىلدۈرگۈچى مۇسىبەت يۈز بەرگەن كۈندە مۇسىبەت ئىگىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ، "ئەلھوكمۇلىللاھى" دەيدۇ. جامەئەت مېيىتنى دەپنە قىلىپ قايتىپ كەلگەندە مۇسىبەت بولغان ئۆيگە كىرىپ ئايەت ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسىبەتتىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان ياكى كېچىكىپ قالغان كىشىلەر مۇسىبەت بولغان ئۆيگە كىرىپ "فاتىھە" قىلىدۇ. بۇنىڭدىمۇ قۇرئاندىن بىرقانچە ئايەت ئوقۇپ كەينىدىن مېيىتكە ساۋابىنى بېغىشلاپ دۇئا قىلىدۇ. بۇلار بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئۇزۇندىن بۇيان ئومۇملىشىپ كېلىۋاتقان "تەزىيە بىلدۈرۈش" ئادەتلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا مۇسىبەت ئىگىلىرىگە تەسەللى بېرىشنى، مېيىتكە رەھمەت، مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى، ئوقۇغان ئايەتلىرىنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭغا ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشنى مەقسەت قىلىدىغان دىنىي ئۆرپ-ئادەتلەردىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا مۇسىبەت يەتكەن ئايال كىشىلەرنىڭ قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرى بار، بۇنىڭدا ئەگەر بىر ئايال كىشىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرەر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ يولدىشىنىڭ روخسىتىنى ئېلىپ مۇسىبەت بولغان كۈندىن باشلاپ، ئۈچ كۈنگىچە قارىلىق تۇتسا بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەگەر ۋاپات بولغان كىشى ئۇ ئايالنىڭ يولدىشى بولسا، بۇ ئايال يولدىشىغا بولغان سەمىمىيەتلىكىنى، ۋاپادارلىقىنى، ھەقىقىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتىدۇ.

ئايال كىشى قارىلىق تۇتقان مەزگىلدە ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ سۈرمە سۈرۈش، ئەتىر چېچىش، زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش، يىپەك كىيىملەرنى، گۈللۈك، رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىش قاتارلىق بارلىق گۈزەللەندۈرۈش ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاجىپ.

### (10) قەبرىنى زىيارەت قىلىش:

قەبرە زىيارەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن مۇسىبەت بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "مەن (بۇرۇن) سىلەرنى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشتىن توسىغانىدىم. سىلەر (ھازىر) زىيارەت قىلىڭلار. چۈنكى قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىش سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ". شۇڭا ۋاقتى بوش، قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشقا قولايلىق شارائىتى بار كىشىلەر قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. قەبرىستانلىققا بارغاندا ئۆلۈكلەرگە ئۇلۇغ ئاللاتائالادىن مەغپىرەت، رەھمەت تەلەپ قىلىشى كېرەك. قەبرىستانلىقنى ھەربىر قېتىم زىيارەت قىلغاندا ئۆلۈمنى ئېسىگە ئېلىشى، بۇنىڭ ھەرقانداق بىر كىشى ئۈچۈن مۇقەررەر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، ئۆلگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ، بۇ دۇنيالىق قىسقىغىنا ھاياتىدا ئاللاتائالاغا كۆپرەك ئىبادەت قىلىۋېلىشقا، باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ئىرادە باغلىشى كېرەك. لېكىن شۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش كېرەككى، زىيارەت قىلىش جەريانىدا ھەرگىز ئۆلۈكلەردىن مەدەت، ياردەم تەلەپ قىلماسلىقى، ئۇلارغا يالۋۇرۇپ يىغلىماسلىقى ھەمدە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن قەبرىلەرنى قۇچاقلاپ، سىلاپ تاۋاپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قۇد-

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

رەت، ئىقتىدار قالماي، ئۆزىگىمۇ-باشقىلارغىمۇ قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار بىز ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى، ئۇلارغا رەھمەت ئىشىكىنى ئېچىشىنى تىلەپ، دۇئا قىلىشىمىزغا، ئۇلارغا ساۋابىنى بېغىشلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىزغا موھتاج. شۇڭا كۆپىنچە ئۆلىمالار ئاياللارنىڭ قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلاردا چوقۇم سەۋر-تاقەت بولۇشى، ئاسانلا ھاياجانلىنىپ كەتمەيدىغان ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئاياللارنىڭ كۆڭلى ئىنچىكىلىك قىلىپ، ھېسسىياتىنى باسالماي قايغۇرۇپ، قەبرىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كېتىدىغان، ئۇلاردىن مەدەت تەلەپ قىلىپ، يالۋۇرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا قەبرە زىيارەت قىلغۇچىلار بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

(بۇ ماقالىنىڭ دىنىي تەھرىرى: ئابدۇللا داموللا ھاجىم)

---

(بېشى 10-بەتتە) مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، يېڭى ۋەز ئېيتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەھكامى، دىنىي قائىدىلىرىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، ھەر خىل فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىگىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ۋەز مۇسابىقىسىدا كۆپلىگەن ئاخۇنلار بۇ جەھەتتە قالتىس ۋەز ئېيتتى. كۆپچىلىكنىڭ بۇنداق ۋەزنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىردا، ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان دوستلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بۇ قېتىمقى ۋەز مۇسابىقىسىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى، بۇنداق ياخشى ۋەزلەرنى ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى ۋەز ئېيتىشقا ئۆزلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسلام دىنىي خادىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىپ، ھازىرقى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى، يېڭى ۋەزلەرنى بەرپا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇشىنىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 52-بەتتە) ئورنى بولۇپ، 1986-يىلى تەسىس قىلىنغان. دىن ۋازارىتىگە قارايدىغان ئىسلام مەركىزى بىرۇنايدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلام دىنى تەشكىلاتى بولۇپ، ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتى ۋە باشقا دىنىي ئىشلار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇندىن باشقا، يەنە چەت ئەللەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ۋە ئالاقىلىشىش ئىشىغا مەسئۇل. ئۆمىكىمىز بىرۇنايدا تۇرغان ۋاقىتتا، دىن ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى ئىش بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن باش كاتىپ داتۇ ئابدۇسامان قاھار بىزنى قوبۇل قىلدى ۋە بىزگە زىياپەت بەردى، بىز ئۆزئارا قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا سۆھبەتلەشتۇق. ھەر ئىككى تەرەپ دوستانە ھەمكارلىق، بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى، ھەر ئىككى مەملىكەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى كۈچەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز بىرۇناي ئىسلام مەركىزىنى زىيارەت قىلىپ، مەزكۇر مەركەزنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ۋە پائالىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بىرۇناي سۇلتانلىقى قىرائەت مەكتىپىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بىز يەنە بىرۇنايدىكى ئىككى مەشھۇر، ھەيۋەتلىك، گۈزەل سۇلتان جامەسىگە بېرىپ بىرۇنايدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇق.

# ئىسلام دىنى نەپسى خاھىشنى تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ

بەي چىڭجېن ئاخۇن

قېرىنداشلار، ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئېيتقىنكى، ‹مەن سىلەرنىڭ نەپسى خاھىشلىرىڭلارغا ئەگەشمەيمەن، بولمىسا مەن ئازغان بولىمەن ۋە ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولالماي قالىمەن›“ (6-سۈرە، 56-ئايەت). نەپسى خاھىش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: جەڭ ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلى، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىش، يەنە بىر خىلى، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا قارشى جەڭ قىلىشتۇر، دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنىڭ ئىككى خىل يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن: بىر خىلى، نەپسى خاھىشنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىش، يەنە بىر خىلى، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىش. چۈنكى، نەپسى خاھىش پەيدا بولسا، يامان نىيەت كېلىپ چىقىدۇ، يامان نىيەت ئەمەلىيەتكە ئايلانسا، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى نەپسى خاھىشتىن تارتىپ، ھاۋايى-ھەۋەسلەردىن قاچۇرۇپ، توغرا يولغا مېڭىش ھەربىر مۇسۇلمان دائىم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ قالماسلىقىمىز ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق روھى بويىچە ئۆزىمىزنى تاۋلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، باشقىلارغا پەند-نەسىھەت قىلىشىمىز ئۈچۈن ئاللاتائالا بىزنى يامان نىيەتتىن يىراق قىلغاي!

بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەمدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە نەپسى خاھىش بولىدۇ. نەپسى خاھىش ئادەمگە نىسبەتەن زىيانلىق، ئەگەر نەپسى خاھىش ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ئادەمنى راھەت-پاراغەت قوغلىشىدىغان، بايلىققا ھېرىسمەن، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ، ئاخىر بېرىپ چۈشكۈنلىشىپ، چىرىكلىشىپ، نىشانىدىن ئادىشىپ، ھەتتا باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزىدىغان ھەر خىل شۇملۇقلارنى قىلىش دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. نەپسى خاھىشقا بېرىلگەن، ھەشەمەتچىلىك قوغلىشىدىغان، نەپسانىيەتچى ئادەم، كۆپ ھاللاردا، يامان نىيەتنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يامان ئىشنى ئىزدەپ يۈرۈپ، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئەسلىنى ئۇنتۇيدۇ، چىرىكىناتلارنى يۇقتۇرۇۋېلىپ، ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىنى يوقىتىدۇ، توغرا يولدىن يىراقلىشىدۇ، بۇنداق ئادەملەر پەيدىنپەي جىنايەت ھېڭىغا دومىلاپ چۈشىدۇ-دە، بۇ دۇنيادا چوقۇم قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارغاندىمۇ ئاللانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت نەپسى خاھىشنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.

نەپسى خاھىشتىن ئۆزىنى تارتقان، ساۋابلىق ئىش قىلغان ئادەملەر ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ“ (79-سۈرە، 40—41-ئايەتلەر). ئىنسانلار ھەقىقەتەن ئاللادىن ئەيمىنىپ، ئاڭلىق تۈردە نەپسى

www.uyghurkitap.com

خاھىشتىن قول ئۈزۈپ، پاك، ئادىل، خالىس بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىپ، بارلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرغاندىلا، ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىگە داخىل بولالايدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا، بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئۇگۇشلۇق تۈردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ھەر ئىككى ئالەم بەرىكىتىگە سازاۋەر ئادەملەردىن بولالايمىز.

نەپسى خاھىشتىن قول ئۈزۈش—ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىدىكى چوڭ بىر ئىش، نەپسى خاھىش ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، نورمال تەرتىپنى بۇزۇپلا قالماي، ھەققانىي ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىدۇ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئەمىن تاپقۇزمايدۇ، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغۇزۇپ، ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا، نەپسى خاھىشتىن ئۆزىنى تارتىش ئۈچۈن روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئاللاتائالاغا تۇنىدۇ، روھنى چېنىقتۇرىدۇ، بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېتىپ ۋە قومۇرۇپ تاشلايدۇ، ھەققىي تۈردە قەلبىنى پاكلايدۇ، جەمئىيەتنى پاكلايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”شۈبھىسىزكى، بۇ (ئايەتلەر) ۋەز-نەسىھەتتۇر (بۇ ۋەز-نەسىھەتتىن پايدىلىنىشنى) خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن. پەقەت ئاللا خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر)“ (76-سۈرە، 29—30-ئايەتلەر). بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاللا يولىغا ماڭغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىلا بىلىشى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، روھىي جەھەتتىكى زۇلمەتتىن خالاس بولۇپ، ئاللاغا ئىشىنىلىشى، ئاللادىن ئەيمىنىشى، يامانلىقتىن ساقلىنىپ، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇشى، ئىككى دۇنيالىق بەختسائادەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى خەيرلىك ۋە ئىناقلىق، دوستلۇققا تولغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان دۇنياغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

(بېشى 12-بەتتە) مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىك ۋە پەرقىنىمۇ بايقاپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەز ئېيتىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ. تەربىيىچىلەر ئاۋۋال ئۆزى تەربىيە ئېلىشى لازىم، مەن ئاخۇن ۋە مولدىلارنىڭ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىلىملەرنى تولۇقلاپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىزلەپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر“ دېگەن، دېمەك، بىز بۇ دۇنيادا ھايات كەچۈرىدىكەنمىز، ئۆمۈر بويى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىز مۇشۇ ئۇلۇغ دەۋردە ياشاۋاتىمىز، جەمئىيەت ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا، يېڭى شەيئىلەر ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كەلمەكتە، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىگە يېتىشەلمىز دەيدىكەنمىز، ھارماي-تالماي ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىش خۇددى قارشى ئېقىمدا كېتىۋاتقان كېمىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىلگىرىلىمىسەك چېكىنىسەن. بىز بىرلىكتە تىرىشىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى بارلىق دىنىي خادىملارنىڭ سەۋىيەسى ۋە ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى.

رەھمەت سىلەرگە!

# قەدىمكى مەدرىس—ھازىرقى دىنىي مەكتەپ
# قەشقەر ساقىيە مەدرىسى

▲ ھۆسەنجان تۇرسۇن

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئۆز دەۋرىگە مۇناسىپ ھالدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر تۈركۈم داڭلىق مەدرىسلەر بارلىققا كېلىپ، قەشقەر ئىلىم جەھەتتە بۇخاراغا تەڭلىشىپ ”سانى بۇخارا“ (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن نامغا ئىگە بولغانىدى. ئەپسۇسكى، بۇ مەدرىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ كېيىنكى چاغلارغىچە قەشقەرنىڭ ئۆزىدىلا ”خانلىق مەدرىسى“، ”ساقىيە مەدرىسى“، ”ۋاڭلىق مەدرىسى“، ”تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسى“، ”ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسى“، ”مەدرىسە كەرىمە“ دەپ ئاتالغان ”قازان مەدرىسى“گە ئوخشاش ئوندەك مەدرىس مىر مۇھەممەدى قازى كلان، ئابدۇقادىر قازى كلان، موللاخۇن قازى كلان، باھاۋۇدۇن مەخسۇم قاتارلىق مۇدەرىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، كۆپلىگەن بىلىم ئەھلىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىلىم-مەرىپىتىنى يۇكسەك ئورۇنغا كۆتەرگەنىدى، ئىلگىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ، رىيازەت چېكىپ ئوقۇپ كېلىدىغانلار قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇپ، چەكسىز ھۆرمەتكە ئىگە بولغانىدى.

تۆۋەندە يۇقىرىقى مەدرىسلەردىن بىرقەدەر ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولغان قەدىمكى مەدرىس، ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ—قەشقەر ساقىيە مەدرىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

قەشقەر ساقىيە مەدرىسى تارىختا نامى مەشھۇر بولغان خانلىق مەدرىسىدىن قالسىلا بىرقەدەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەدرىسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خانلىق مەدرىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان (ئىككى مەدرىسىنىڭ ئارىلىقى 300 مېتىر كېلىدۇ). ”ساقىيە“ بىلەن ”مەدرىس“ دېگەن بۇ ئىككى سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ”سۇغارغۇچى“، ”ئوقۇتۇش ئورنى“ دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەندە ”ئىلىم تەشنالىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغۇچى بىلىم يۇرتى“ دېگەن خاس مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

ساقىيە مەدرىسى مىلادى 1630-يىللىرى ئىجتىمائىي خەير-ساخاۋەتچى ئايال بەھرىگۈل بانۇنىڭ شەخسىي مەبلەغ سېلىشى بىلەن بىنا قىلىنغان (مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە ئوسمان بارلاس دېگەن كىشى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقىمۇ مەلۇم). 1911-يىلىغا كەلگەندە ئاتاقلىق ئۆلىما، كاتتا باي باھاۋۇدۇن مەخسۇم باشچىلىقىدا مەدرىسنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازا تېمى، مەسچىتى يېڭىلانغاندىن تاشقىرى، پەلەمپەينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ھۇجرىلار ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ياسالغان. دەرۋاز يان تېمىغا ناھايىتى كۆركەم قىلىپ نەقىشلەنگەن ئىككى مىسرا بېيىت مەدرىسىنىڭ دەرۋازا تاملىرىنى كۆركەم قىلىپلا كۆرسىتىپ قالماستىن،بەلكى يەنە بىزنى مۇھىم دەلىل بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇنداقلا كىشىنى ھەقىقىي بەدىئىي زوق بىلەن قايىل قىلىدۇ.

”سال تەئمىران راۋاق بىدان،
ئەۋەللەششۇغلۇ ئاخىرىش غۇفران.“

(راۋاقنىڭ ياسالغان يىلىنى بىلگىن، ئەۋلى ئەم-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

گەك، ئاخىرى مەغفىرەت.)

بۇ بېيت چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزگەرتىپ ياسالغان ۋاقىتىدىنمۇ مەلۇمات بېرىدۇ. بىز بۇ بېيتتىكى "شۇغلۇ" دېگەن سۆز بىلەن "غۇفران" دېگەن سۆزنى ئەبجەت ھېسابىدا ھېسابلاپ كۆرسەك، "شۇغلۇ" (1330)، غۇفران (1331)، بۇ دەل ھجرى (1330—1331) يىلى، مىلادى 1911-يىلىدۇر.

ئۆز دەۋرىدە بىر مەدرىسنىڭ نامى ئۇنىڭ مال-مۈلكى، مۇدەررىسلىرىنىڭ خىللىقى بىلەن، تالىپلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچ، بىز تۆۋەندىكى سان-سىفىرلار بىلەن مۇدەررىسلەرنىڭ ئىسمىنى بىلىش ئارقىلىق ساقىيە مەدرىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەدرىسكە تەۋە 37 يۇرۇش قۇرۇلۇش بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 56 ئېغىز ھۇجرا، توققۇز ئېغىز دەرسخانا، بىر مەسچىت بار بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ 500 مو تېرىلغۇ يېرى، ئالتە ئورۇندا ساراي، 16 ئېغىز دۇكان، ئون ئېغىز ئۆي، ناھايىتى چوڭ بولغان بىر باغ قاتارلىق ۋەخپە مۈلكى بولغان.

مۇدەررىسلەردىن جامال ئاخۇن خەلپىتىم، ئىسلام ھاجىم، نەسىردىن مەخسۇم، ئابدۇمامۇت مەخسۇم، ئابدۇلباقى ئاخۇن خەلپىتىم، ياقۇپ ئاخۇن داموللام، مۇھەممەدخان مەخسۇم، مەخسۇم پەيزى قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار بولغاچقا، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئالتاي، چۆچەك، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان.

مەرىپەتپەرۋەر ئىسلاھاتچى، ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى توقام مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان مەزگىللىرىدە ساقىيە مەدرىسگە كېلىپ كۆپلەپ ئىستىما (دەرس ئاڭلاش قىلغان؛ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ سابىق ئىمام-خاتىپى مەرھۇم قاسىم قارىي ھاجىم ياش ۋاقتىدا بۇ مەدرىستە ئوقۇغان. دېمەك، بۇ مەدرىستە ئوقۇپ چىققان تالىپلار شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تارىخىدا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئەپسۇسكى، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق بۇ مەدرىسنى ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن دىنىي سىياسەتلەرنىڭ يەنىمۇ ئىزچىللىشىشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، «ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ياش، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش» توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەرلىك) ئىسلام جەمئىيەتلىرى شۇ يەردىكى پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن پائال ھەرىكەتلىنىپ، «دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

1991-يىل 3-ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدا دىنىي مەكتەپ ئېچىشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ساقىيە مەدرىسى ئورنىدا ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ رەسمىي تەسىس قىلىنىپ، تۇنجى قاراردا 36 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 93-، 94-، 95-يىللىرى يەنە ئايرىم-ئايرىم ھالدا 43، (ئاخىرى 55-بەتتە)

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:** ئىسلام دىنى ئىلىم-پەنگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارغا ئېتىبار بېرىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدىغان دىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە تەپسىر كىتابلاردا بىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، بىلىم ئىگىلەشكە ئۈندەيدىغان تەلىم-نەسىھەتلەر ناھايىتى كۆپ. بىر مۇسۇلمان پەقەت بىلىم ئىگىلىگەندىلا جەمئىيەتنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئۆز قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا ئاتا قىلغان ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ، بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئىلىم-پەنگە تەشنا، ئىجتىھاتلىق بىر تۈركۈم ياشلىرىمىز ئىلىم-پەننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئاتلاندى، 20 يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەردىن ئەسلىدىكى پېشقەدەم ئالىملىرىمىزدىن سىرت، بىر تۈركۈم دوكتورئاشتى، دوكتور، ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان يۇقىرى بىلىملىك ياش ئالىملىرىمىز يېتىشىپ چىقتى. بۇ ھەقىقەتەن ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدىغان ئۇلۇغۋار بىر يۈزلىنىش. بۇ ياش ئالىملىرىمىز كەڭ ياشلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى، تۈرتكىسى ۋە تىرىشىش نىشانىسى، شۇنداقلا ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشىمىز، مىللىتىمىز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىمىزنىڭ ئۈمىدى.

ياشلىرىمىزنىڭ ئىلىم-پەن پەللىسىگە چىقىش تەشنالىقىغا مەدەت بولسۇن ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان دوكتورئاشتى ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ياش ئالىملىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ئىلىم-پەن پەللىسىگە چىققان ۋە چىقىۋاتقان ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرماقچىمىز. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلاردىن تۇنجى قېتىم (ھازىرچە تېخى بىردىنبىر) دوكتورئاشتى ئۇنۋانىنى ئالغان ياش ئالىمىمىز، ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى ئىنستىتۇتىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى كۈرەش ئىبراھىمنى تونۇشتۇرىمىز.

## مەملىكىتىمىزنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى(پوستدوكتور)

# خىمىيە-فىزىكا ئالىمى كۈرەش ئىبراھىم

**ئەنۋەر مۇھەممەد**



كۈرەش ئىبراھىم 1956-يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا كادىر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگۈچە پاختەكلە يېزىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1978-يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، بېيجىڭ پايتەخت پېداگوگىكا داشۆسىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. شۇ چاغدا پۈتۈن فاكۇلتېت بويىچە بىردىنبىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولغان كۈرەش ئىبراھىم كەسپىي دەرسلەرنى قېتىقىنىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتىن باشقا فرانسۇز تىلىنىمۇ ئۆگەنگەن. 1982-يىلى ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خىمىيە فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خىمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچىسى بولغان مەزگىللىرىدە خىمىيە دەرسلىكىدىكى ئاددىي ۋە قايتىلانما مەزمۇنلاردىن قانائەتلەنمەي، داۋاملىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىم خەزىنىسىنى داۋاملىق بېيىتىپ بارغان؛ ئارىلىقتا يەنە بېيجىڭغا بېرىپ پېداگوگىكا داشۆسىنىڭ ئاسپىرانتلار كۇرسىنىڭ دەرسلىكلىرى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان.

ئىلىمغا ئىنتىلگەن ئىنسان ئىلىم كەۋسىرىگە ھەرگىز قانمايدۇ ھەم داۋاملىق ئىلىم ئىزدەش يولىدىن قايتمايدۇ. مانا شۇ ۋەجىدىن، كۇرەش ئىبراھىم 1987-يىلى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىش ئالدىدىكى ئىنگلىز تىلىدىن سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىغا ئىككىلەنمەيلا قاتناشقان ھەم ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. دۆلەت ئۇنىڭ فرانسۇز تىلىدىن ئاساسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى 1989-يىلى 2-ئايدا فرانسۇز تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان بېلگىيە دۆلىتى لىيەژ داشۆسىنىڭ ئېلېكترون ۋە فوتو ئېلېكترون سپېكتروسكوپى تەجرىبىخانىسىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. بۇ بىر يىل ئىچىدە، بېلگىيىگە كېلىشتىن بۇرۇن بېيجىڭ چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىدا ئاران بىر يىل فرانسۇزچە ئۆگەنگەن كۇرەش ئىبراھىم فرانسۇز تىلى سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەندىن باشقا، ئۆزى ئېلىپ بارغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىنگلىز تىلىدا ماقالە يېزىپ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرنال «خىمىيە-فىزىكا ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلدۇرغان. بىر يىللىق مۆھلەت توشقاندىن كېيىن، كۇرەش ئىبراھىمغا يېتەكچى بولغان ئۇستازلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئۆگىنىش روھىغا، تەجرىبىلەرنى ئىنچىكە، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ئىجتىھادىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى بېلگىيىدە قېلىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن داۋاملىق ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان ھەم [illegible] يېتەرلىك ئوقۇش ياردەم پۇلىنى ھەل قىلىشىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن تېخىمۇ رىغبەتلەنگەن كۇرەش ئىبراھىم دوكتورلۇقتا ئوقۇش داۋامىدا ئىنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىلى بويىچە ئاتوم-مولېكۇلا فىزىكىسىغا دائىر دەرسلىكلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە بۇ جەھەتتىكى بىلىمنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق كامالەتكە يەتكۈزگەن؛ شۇنداقلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى تەلەپ قىلىدىغان مول مەزمۇنلۇق تەجرىبە تۈرلىرىنى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھرىدىكى ئۇخسەي دۆلەتلىك ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ تاماملىغان. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە بېلگىيە، گوللاندىيە ۋە گېرمانىيىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئۈچ قېتىم، بېلگىيە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئالتە قېتىم قاتناشقان ۋە بۇ يىغىنلارغا ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ھەم لېكسىيە سۆزلەپ، باشقا ئالىملار بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرغان؛ بەش پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئامېرىكا، گېرمانىيە ۋە گوللاندىيىلەردە چىقىدىغان «خىمىيە-فىزىكا ژۇرنىلى»، «ئېلېكترونلۇق سەكرەشتىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر توغرىسىدىكى 4-قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىن ماقالىلەر توپلىمى» ۋە «خەلقئارالىق ماس سپېكتروميېتر ۋە ئىئون جەريانى ژۇرنىلى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

كۇرەش ئىبراھىم ئۈچ يىل، ئون ئاي ۋاقىتتا، ئەنە شۇنداق جان پىدالىق بىلەن ئۆگىنىش ۋە پۈتكۈل زېھنى بىلەن تەجرىبە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق توپلىغان بىلىملىرى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارى بىلەن 1992-يىلى 12-ئايدا بېلگىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن، 20دىن ئارتۇق كاتتا ئالىم قاتناشقان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە يازغان «ئالتە فلورلۇق بېنزىنىنىڭ يۇ-

شاق X نۇرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى فوتوخىمىيە خۇسۇسىيەتلىرى» دېگەن دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئالىملارنىڭ ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە سورىغان سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىپ، ئادەتتە "ئەلا، ياخشى، ئوتتۇراھال، لاياقەتلىك" دەپ تۆت دەرىجىگە بۆلىنىدىغان بۇ دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن ھەم "تەبىئىي پەنلەر دوكتورى" دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن.

ۋەتەنگە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن دوكتور كۇرەش ئىبراھىم 1993-يىلى 2-ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسى دوكتور ئاشتى تەتقىقات ئورنىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ بۇ يەردە يەنە ئاتاقلىق ئالىملارغا ھەمنەپەس بولۇپ، ئىككى يىلغا يېقىن بېرىلىپ ئىشلەش ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن تەتقىقات تۈرى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان. بۇندىن باشقا، ئۇ يەنە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھاۋالە قىلغان 3-ئەۋلاد ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە فوتو مەنبەسى تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتنىڭ ئاتوم-مولېكۇلا فىزىكىسىغا ئائىت قىسمىنى تەييارلىغان. شۇنداق قىلىپ، كۇرەش ئىبراھىم 1994-يىلى 12-ئايدا دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىلىقىنى تاماملاپ، مەزكۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ قېلىنغان. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى خىزمەت ئورنىدا، يېڭى تېمىلار ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

مەن، بۇ يىل 40 ياشقا قەدەم قويغان بۇ ئالىمدىن ئىسلام دىنى، ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مۇشۇ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى سورىغىنىمدا ئۇ بىردەم چوڭقۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: "مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىسلام دىنى ئىلىم ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان، ئىلىمپەرۋەرلەرنى قەدىرلەيدىغان دىن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 'ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر'، 'ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار' دېگەن ھەدىسلىرى بۇنى دەلىللەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ دىنىي زاتلىرىمىز، مۇسۇلمان ئاتا-ئانىلىرىمىز ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىلىم-پەن ئۆگىنىپ مەرىپەتلىك ئىنسان بولۇپ چىقىشىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشلىرى، خۇسۇسەن ئەۋلادلارنىڭ تەبىئىي پەن ئىلمى بويىچە ئالىي بىلىملەرنى ئىگەللىشىنى قىزغىن قوللىشى لازىم. بۇ-شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنى داۋاملىق ئېچىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇشتا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇبارەك ژۇرنىلى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ، مەن بۇ ژۇرنالدا ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ زىچ مۇناسىۋىتى، بىلىم ئېلىشنىڭ ساۋابلىق ھەم زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكى ئەمەلىي پاكىت بىلەن بايان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ كۆپرەك ئېلان قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ كۆركەم بەتلىرى ئارقىلىق، كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز، شۇنداقلا ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ئۆز يۇرتلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددەس بۇرچ ۋە ئىنسانىي قەرز ئىكەنلىكىنى كۈنسېرى چوڭقۇر چۈشەنگۈسى ۋە بۇ خىل چۈشەنچىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكۈسى!"

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇنيادىكى ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم»

هاجى مەھمۇدى

1988-يىلى ئالجىرىيىنىڭ شەرقىدىكى بىجايە شەھىرىدە بايقالغان 10 گرام ئېغىرلىقتىكى كىچىك «قۇرئان كەرىم» دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتالغانىدى، 1991-يىلىنىڭ ئاخىرى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چىڭدۇ شەھرىگە تەۋە جىنىيۇ يېزىسىدىن ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك «قۇرئان كەرىم» بايقالدى. بۇ يېزىنىڭ تۇچياۋ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق 90 ياشلىق خۇيزۇ بوۋاي ما جيۇۋۇنىڭ ئائىلىسىدە بايقالغان بۇ 30 پارە، 114 سۈرە، 6200دىن ئارتۇق ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم» بارماقتىن چوڭراق تۆمۈر قۇتىغا سېلىنغان بولۇپ، ھەربىر بەتنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ئۇنىڭ نېپىزلىكىدىن قانچىلىك قېلىنلىقتا ئىكەنلىكىنى قولدا تۇتۇپ سەزگىلى بولمايدىكەن. بەت شۇنچە كىچىك بولسىمۇ، خەت قۇرلىرى شۇنچە ئېنىق ئىكەن. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ كىچىك «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.7 سانتىمېتر، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە گرام، بولۇپ ئالجىرىيىدە بايقىلىپ دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دەپ نام ئالغان «قۇرئان كەرىم» دىنمۇ تۆت گرام يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن، 1991-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1992-يىلىنىڭ باشلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللاردا دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دەپ تەشۋىق قىلىنغانىدى. ئەمما 1992-يىلى 6-ئاينىڭ باشلىرى نەنجىڭ شەھرىدە ئۇنىڭدىنمۇ يەڭگىل يەنە بىر كىچىك قۇرئان بايقالدى. بۇ «قۇرئان كەرىم»نى نەنجىڭ شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق 92 ياشلىق خۇيزۇ بوۋاي ۋۇ بىگۇڭ ساقلىغانىكەن، بۇ بوۋاينىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ مۇشۇنداق كەم ئۇچرايدىغان بىر «قۇرئان كەرىم»نى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىر مۇخبىرغا دېگەندىن كېيىن، بۇ مۇخبىر ۋۇ بوۋاينىڭ يېنىغا زىيارەت قىلىپ بارغان ۋە بۇ قۇرئاننى كۆرگەن. بۇ «قۇرئان كەرىم»مۇ 30 پارە، 114 سۈرە، 6200 دىن ئارتۇق ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەبچە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.75 سانتىمېتر، كەڭلىكى 2.1 سانتىمېتر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر كېلىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئاران 5.2 گرام بولۇپ، ئالجىرىيىدە بايقالغان «قۇرئان كەرىم»دىن 4.8 گرام يەڭگىل، دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك «قۇرئان كەرىم» دەپ ئاتىلىۋاتقان، چىڭدۇدا بايقالغان «قۇرئان كەرىم»دىنمۇ 0.8 گرام يەڭگىل ئىكەن. ئۇنىڭ مۇقاۋىسى پاتلاتقان سۇسۇن رەڭلىك قېلىن قەغەزدىن ئىشلەنگەن، ئايەتلەر 400 بەتتىن ئارتۇق ناھايىتى نېپىز قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئەرەبچە خەتلەر ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. ئۇمۇ بارماقتىن چوڭراق كېلىدىغان بىر تۆمۈر قۇتىدا ساقلانغان بولۇپ، قۇتا ياپقۇچقا بىر تىيىنلىق تەڭگە پۇلدەك چوڭلۇقتا چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان لوپا ئەينەك ئورنىتىلغان. قۇتىنىڭ يۈزى ۋە ئاستىغا ئەرەبچە نۇسخىلار نەقىشلەنگەن.

ۋۇ بوۋاينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇنىڭ دادىسى 1933-يىلى شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سىرتقا دېمەي ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

# دۇنيادا نەشر ھوقۇقى سۇرۇشتۇرۇلمەيدىغان مۇقەددەس كىتاب

## —«قۇرئان كەرىم»دىكى بىر قىسىم سانلىق مەلۇماتلار توغرىسىدا

● مۇسا

ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمى كالام كىتابلىرىدا ئېيتىلغاندەك، «قۇرئان كەرىم» ئاللاتائالانىڭ سۆزى بولۇپ، ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرەبچە نازىل قىلغان ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ مۇكەممەل كىتابدۇر. ئۇ ئىسلام دىنى ئەھكاملىرى، شەرىئىتى ۋە ئەدەب-ئەخلاق تەلىماتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيە، ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانىدۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ «كىتاب»، «سۇھۇف»، «فۇرقان»، «تەنزىل»، «ھەق»، «تەزكىرە»، «بەيان»، «ھادى»، «ھۇدا»، «مەۋئىزەن» قاتارلىق 55 خىل نامى بار. «قۇرئان كەرىم»دە «قۇرئان» سۆزى 70 قېتىمغا يېقىن ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى دۇنيادا نەشر ھوقۇقى سۇرۇشتۇرۇلمەيدىغان مۇقەددەس كىتاب دەپ قارايدۇ.

1

«قۇرئان كەرىم» ئاللاتائالانىڭ ھەر تۈرلۈك ئالىيجاناپ پەزىلەتلىرىنى تەرىپلەيدىغان 99 گۈزەل ئىسمى بار، «قۇرئان كەرىم»دە "ئاللا" دېگەن نام 2698 قېتىم تىلغا ئېلىنغان، "رەھمان" دېگەن گۈزەل ئىسىم جەمئىي 57 قېتىم، "رەھىم" دېگەن گۈزەل ئىسىم 114 قېتىم تىلغا ئېلىنغان؛ «قۇرئان كەرىم»دە 70 نەچچە يەردە ئاللاغا ئىبادەت قىلىش تەكىتلەنگەن؛ 150 نەچچە ئورۇندا سەدىقە بېرىش تەكىتلەنگەن؛ ناماز ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش جەمئىي 700 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان؛ «قۇرئان كەرىم»دە قىرائەت قىلغاندا سەجدە قىلىش 14 ئورۇندا تەكىتلەنگەن. رۇكۇ 540 ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان؛ «قۇرئان كەرىم»دە 39582 قېتىم ھەرىپجەر(ئالدى قوشۇلغۇچى)، 53223 قېتىم زەۋەر(فەتھە)، 8804 قېتىم پەش (زۇممە)، 1771 قېتىم مەد(مەندە)، 1274 قېتىم تەشدىد ئىشلىتىلگەن.

2

«قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان ئەڭ قىممەتلىك ئاي رامىزان ئېيى(روزا ئاي)، ئەڭ قەدىرلىك كېچە قەدرى كېچىسى(رامىزاننىڭ 27-كېچىسى)، «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن پەرىشتە جىبرىئىل پەرىشتىدۇر؛ «قۇرئان كەرىم» نازىل قىلىنغان ئىككى شەھەر مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە بولۇپ، بۇ ئىككى شەھەر ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايلىرىدۇر؛ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مەسچىت: ھەرەم مەسچىتى(سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككە شەھىرىدە)، ئەقسا مەسچىت (قۇددۇستا) ۋە قۇبا مەسچىتى(سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەدىنە شەھىرىدە)دۇر؛ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس كىتابلار «تەۋرات»، «ئىنجىل» ۋە «زەبۇر»دۇر.

3

«قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 114 سۈرە بار بولۇپ، 30 پارىگە بۆلۈنگەن، ئۇنىڭدا جەمئىي 60 ھىزب (بۆلەك)، 6666 ئايەت بار؛ «فاتىھە» سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»دىكى بىرىنچى سۈرە، «ناس» سۈرىسى «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئاخىرقى سۈرە (114-سۈرە)، «بەقەرە» سۈرىسى (ئىككىنچى سۈرە) «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە، «كەۋسەر» سۈرىسى (108-سۈرە) «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ قىسقا

سۈرە، «تەۋبە» سۈرىسى (9-سۈرە) «قۇرئان كەرىم» دىكى بىردىنبىر "بىسمىللا" بىلەن باشلانمىغان سۈرە، «ياسىن» سۈرىسى (36-سۈرە) «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەركىزى سانىلىدىغان سۈرە، «رەھمان» سۈرىسى (55-سۈرە) «قۇرئان كەرىم» دىكى ئاللاغا ئەڭ ئېسىل ھەمدۇسانالار ئوقۇلغان سۈرىدۇر؛ "ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن" (96-سۈرە، 1-ئايەت) دېگەن ئايەت ھىرا غارىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان بىرىنچى ئايەت بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 42 ياشتا ئىدى؛ "... بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم..." (5-سۈرە، 3-ئايەت) دېگەن ئايەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجى قىلغاندا نازىل بولغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەت بولۇپ، نازىل بولغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 10-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى ئىدى، شۇ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 63 ياشتا ئىدى؛ «قۇرئان كەرىم» دىكى 86 سۈرە مەككە مۇكەررەمەدە، 28 سۈرە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە نازىل بولغان.

## 4

«قۇرئان كەرىم» دە ئىلگىرى ئۆتكەن پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالاردىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا: ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، لۇت، ئەييۇب، سالىھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۈسۈف، شۇئەيب، يۇنۇس، ھارۇن، ئىلياس، ئىليەسە، سۇلەيمان، لوقمان، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا، زۇلكىفل، داۋۇد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق 25 پەيغەمبەر تىلغا ئېلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، بىردىنبىر تىلغا ئېلىنغان ئايال زاتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۈۋى مەريەمدۇر.

## 5

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە «قۇرئان كەرىم» كىتاب قىلىپ رەتلەنگەن بولۇپ، بۇ نۇسخا "ئوسمانىي نۇسخا" دەپ ئاتالغان؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالا دەرگاھىغا سەپەر قىلغاندا 22 كىشى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلالايتتى، بۇ كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاپ، كۈرەش قىلغان ساھابىلەر ئىدى؛ «قۇرئان كەرىم» 22 يىل 5 ئاي 14 كۈن ئىچىدە پۈتۈنلەي نازىل قىلىنىپ بولغان.

## 6

«قۇرئان كەرىم» دە ئومۇمەن سۈرە بېشىغا ئەرەب ھەرپلىرى ئىشلىتىلىپ، بۇ ئارقىلىق سىرلىق مەنىلەر ئىپادىلەنگەن سۈرىلەردىن 29 سۈرە بار. «قۇرئان كەرىم» دە ئەرەب تىلىدىكى 28 ھەرپنىڭ ئىشلىتىلىش قېتىم سانى ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە مۇنداق بولغان:

بىرىنچى ھەرپ (ا) 52592 قېتىم، ئىككىنچى ھەرپ (ب) 11428 قېتىم، ئۈچىنچى ھەرپ(ت) 1199 قېتىم، تۆتىنچى ھەرپ (ث) 276 قېتىم، بەشىنچى ھەرپ (ج) 3237 قېتىم، ئالتىنچى ھەرپ (ح) 973 قېتىم، يەتتىنچى ھەرپ (خ) 2416 قېتىم ، سەككىزىنچى ھەرپ (د) 5602 قېتىم، توققۇزىنچى (ذ) 4677 قېتىم، ئونىنچى ھەرپ (ر) 11793 قېتىم، ئون بىرىنچى ھەرپ (ز) 1590 قېتىم، ئون ئىككىنچى ھەرپ (س) 5991 قېتىم، ئون ئۈچىنچى ھەرپ (ش) 2115 قېتىم، ئون تۆتىنچى ھەرپ (ص) 2012 قېتىم، ئون بەشىنچى ھەرپ (ض) 1307 قېتىم، ئون ئالتىنچى ھەرپ (ط) 1277 قېتىم، ئون يەتتىنچى ھەرپ (ظ) 842 قېتىم، ئون سەككىزىنچى ھەرپ (ع) 9220 قېتىم، ئون توققۇزىنچى

ھەرپ (غ) 2208 قېتىم، يىگىرمىنچى ھەرپ (ف) 8499 قېتىم، يىگىرمە بىرىنچى ھەرپ (ق) 6813 قېتىم، يىگىرمە ئىككىنچى ھەرپ (ك) 9500 قېتىم، يىگىرمە ئۈچىنچى ھەرپ (ل) 3432 قېتىم، يىگىرمە تۆتىنچى ھەرپ (م) 36535 قېتىم، يىگىرمە بەشىنچى ھەرپ (ن) 40190 قېتىم، يىگىرمە ئالتىنچى ھەرپ (ھ) 1970 قېتىم، يىگىرمە يەتتىنچى ھەرپ (و) 25536 قېتىم، يىگىرمە سەككىزىنچى ھەرپ (ى) 45919 قېتىم ئىشلىتىلگەن.

## 7

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىدىكى ھەر تۈرلۈك ئىلىم-بىلىملەرنىڭ بۇلىقى بولۇپ، ھازىرقى دۇنيادا ئۆگىنىپ قىرائەت قىلىنىۋاتقانلار ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن ۋە نەقىل قىلىنىپ ئىشلىتىلىۋاتقان مۇقەددەس كىتابتۇر؛ «قۇرئان كەرىم» كۆپ خىل تىل-يېزىقتا تەرجىمە قىلىنغان ھەمدە تەپسىر نۇسخىلىرى ئەڭ كۆپ كىتاب بولۇپ، ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، مىڭغا يېقىن تەپسىرى ۋە نۇرغۇن «قۇرئان كەرىم» لۇغەتلىرى بار ئىكەن؛ «قۇرئان كەرىم» پارس، ئوردۇ، نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇز، ياپون، رۇس قاتارلىق 60-70 خىلدەك تىل-يېزىقتا تەرجىمە قىلىنغان؛ جۇڭگودا ئۇنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تەرجىمە نۇسخىلىرى بار؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ھەرقايسى تەبىقىلەرگە تەۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى يادلىيالايدىغان، ھەممىسى تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇقەددەس كىتابدۇر؛ دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كىتاب «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىپ باققان ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدا قانچە ھەرپ، قانچە زەۋەر ۋە قانچە پەش، قانچە ئالدى قوشۇلغۇچى بارلىقى ستاتىستىكا قىلىپ چىقىلغان. «قۇرئان كەرىم» نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇنچە زور ئېتىبارغا ئېرىشىدۇ؟ بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي كىتابى، ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ قابىل ئەلچىسى، ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان مۇقەددەس كىتاب بولغانلىقىدا. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر سۈرە، ھەربىر ئايەت چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىنسانلارغا ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە يېتىش بىلىملىرىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرلىق مەنىلەرنى قوبۇل قىلىپ ھەمدە بۇ مۇقەددەس كىتاب ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمىزنى توغرىلاپ، «قۇرئان كەرىم» دىكى تەلىم ۋە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆزىمىزنىڭ ھايات مۇساپىمىزنى تاكى ئىككى دۇنيالىق بەرىكەتكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگىچە ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز لازىملىقىنىڭ نىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە.

---

(بېشى 9-بەتتە)

بۇ قېتىمقى ۋەز مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ۋەزچىلەر 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن 135 نەپەر ۋەزچىلەر ئىچىدىن باھالاپ تاللىۋېلىنغان. مەن مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەزچىلەر، كۆرەكچى ئاخۇنلارنىڭ بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، بىرلىكتە ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىردا، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى تىلەيمەن! ۋەزچىلەرنىڭ ۋە مېھمانلارنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇشىنى، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتۈشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

رەھمەت سىزلەرگە.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى بىلەن برۇناي سۇلتانلىقىنى زىيارەت قىلدى

● مۇستافا

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ باشچىلىقىدىكى تۆت كىشىلىك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىغا بېرىپ خىزمەت زىيارىتىدە بولدى. ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىدە، برۇناي سۇلتانلىقىنى زىيارەت قىلدى. مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئۆمەك بىلەن بىللە زىيارەتتە بولدۇم. بۇ قېتىمقى زىيارەت پائالىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## دوكتور ئەلى بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچرىشىش

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد ئەلى قايتىدىن ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشلىقى بولىدىكەن دېگەن خەۋەر سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىغا يۇر كەتكەن بولسىمۇ، دوكتور ئەلى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ بىناسىدا يەنىلا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، بىز بىلەن خىزمەت ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى.

ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئەھۋالىنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە دوكتور ئەلى بېيجىڭدا ئېچىلغان دۇنيا ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەمكارلىشىش ئويى ئۈستىدە كونكرېت چۈشەنچە بېرىپ، جەمئىيىتىمىز ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىش جەھەتتە ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. دوكتور ئەلى بۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقتى ۋە ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئاخۇنلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئېچىش ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلانى نەشر قىلىش جەھەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن دوستانە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى ھەمدە زۆرۈر بولغان مەدەتلەرنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بىزنىڭ دوكتور ئەلى بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈشىمىز جىددە ئايرودورومىنىڭ ئەزىز مېھمانلار ئىستىراھەتخانىسىدا بولدى. بىز شۇ چاغدا، رىيازغا بارىدىغان ئايروپىلاننى كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق. دوكتور ئەلى بولسا، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا نامزات بولۇپ قاتنىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، يېڭىلا ئۆز ۋەتىنىگە قايتقانىكەن. مۇشۇنداق چاغدا ئۇچرىشىش ھەر ئىككى تەرەپكە ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق تۇيۇلدى، ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭ بانكا باشلىقى بولۇپ سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىگەنلىكىمىزگە رەھمەت ئېيتتى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇرۇن دوكتور ئەلى ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، مەملىكىتىمىز مۇسۇلـ-

مانلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى زور كۆڭۈل بۆلگەنىدى، ئۇنىڭ تەستىقلاپ بېرىشى بىلەن مەملىكىتىمىزدىكى تۆت تۇرلۇك مۇسۇلمانلار مائارىپى ئىشىغا ھەقسىز تۆت مىليون ئامېرىكا دوللىرى ھەدىيە قىلىنغانىدى. دوكتور ئەلى ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭغا خۇشاللىق بىلەن: مەن تەرەققىيات بانكىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ مائارىپ، سەھىيە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىمەن ۋە كۆڭۈل بۆلىمەن، بۇ جەھەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى. ئاخىردا، بىزنىڭ تەرەققىيات بانكىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەمكارلىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە بۇنىڭغا ئىنتىزار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ، دوكتۇر ئەلى بىلەن خوشلاشتۇق.

## سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى بىلەن قىلىنغان خىزمەت سۆھبىتى

سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى سەپەر بىلەن ھەج خىزمىتى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۆمىكىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. سەئۇدى ئەرەبنستان پادىشاھلىقى ھەج ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بىز جىددىدىن ئايروپىلان بىلەن رىيازغا بېرىپ، ھەج ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ باش مەھكىمىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى ھەج ئىشلىرى ۋەزىرى مەھمۇد مۇھەممەد سەپەر بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدۇق. سۆھبەت باشلىنىشتىن ئاۋۋال ۋەزىر سەپەر ئۆمىكىمىزدىكىلەرنى قوبۇل قىلدى، بۇ كۆرۈشۈش سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن خەۋەر قىلىندى ۋە گېزىتكە بېسىلدى.

سۆھبەتتە، ئۆمەك باشلىقى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج قىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى؛ 1996-يىللىق ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى پىلانىدىن ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدى. ۋەزىر سەپەر ھۆكۈمىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدىن ھەج قىلغۇچىلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ياردەمدە بولغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرى جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ماختىدى.

ۋەزىر سەپەر سۆھبەت جەريانىدا، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى ھەرقانداق بىر تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ھەج قىلىش مەزگىلىدە سىياسىي ۋە مەزھەپچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. نۆۋەتتە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەج قىلىش ئۆمەكلىرى تەركىبىدە بولمىغان تارقاق كىشىلەر سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى زېمىنىدا سادىر قىلغان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا، ۋەزىر سەپەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۇلارنى بىر تۇتاش تەشكىللەپ باشقۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەر ئىككى تەرەپ يەنە ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشنىڭ تەدبىر ۋە ئۇسۇللىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ياخشىلاش ھەققىدىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆمەك باشلىقىمىز ۋەن ياۋبىڭ بىلەن ۋەزىر سەپەر ھەر ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تۈزۈپ چىققان ھەج قىلغۇچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆھبەت خاتىرىسىگە ئايرىم-ئايرىم

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

ئىمزا قويدى.

## سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى بىرنەچچە قەدىناس دوستنى زىيارەت

شەيخ جەمجۇم بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ سانائەت-سودا ۋەزىرى، خەلق ئا-ۋىئاتسىيىسى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. كېيىن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تاشلاپ، سودا بىلەن شۇ-غۇللىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىدا ھەممە ئادەم بىلىدىغان كاتتا باي، ئاتاقلىق ئىجتى-مائىي خەير-ساخاۋەتچى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ يېشى گەرچە 70تىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ سودا قىلىشتىن باشقا، يەنە قوشۇمچە نۇرغۇن پەخرىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇ 1981-يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئۆمە-كىنى باشلاپ، جۇڭگونى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو-سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىككى دۆ-لەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋەت تارىخىغا شانلىق بىر سەھىپە پۈتكەنىدى.

ئۆمىكىمىزدىكىلەر جىددە شەيخ جامجۇمنى يوقلىدى، ئۇ ترىللىئۇنېر باي بولسىمۇ، ئاددىي-سادىدا كىيىنىپ يۈرىدىكەن، كىشىلەر بىلەنمۇ بەك چىقىشىپ ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم جۇڭ-گونى زىيارەت قىلغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگودا بولغان كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە خۇشاللىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، ھەتتا ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئىسمى-لىرىنىمۇ بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. ئۆ-مەك باشلىقىمىز مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تو-نۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى، شۇ زامات ئىسلام جەمئىيىتىمىزگە ئىئانە ھەدىيە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئىپا-دىلىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرغان قىسقىغىنا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، ئۆمىكىمىزدىكىلەر يەنە جۇڭ-گو مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەنە بىر قەدىناس دوستى—سەئۇدى ئەرەبىستانى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئا-ۋىن رەئىسى دوكتور ناسىپ(ئىسلام دۇنياسى ئىت-تىپاقىنىڭ سابىق باش كاتىپى)نى زىيارەت قىلدى؛ رىيازدا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئابرويلۇق كىشىسى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ باش مۇپتىسى شەيخ بىن بازنى زىيارەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بىلەن دوستلۇق ھەققىدە ئۆزئارا ئەسرالشىپ، مۇسۇلمان قېرىنداش-لارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر-لاشتۇردۇق.

## برۇناي دارۇسسالام دۆلىتىدە مېھمان بولۇش

ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىمىزدە، ئۆمىكىمىز برۇنايدا ئۈچ كۈن تۇردى، برۇناي دىن ۋازارىتىنىڭ قارىمىقىدىكى ئىسلام مەركىزى بىزنى قىزغىن كۈ-تۈۋالدى.

برۇناي شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى گۈزەل، باي دۆلەت بولۇپ، بورنېئو ئوبلاستىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇنى مالايشىيانىڭ شالۇيې ئوبلاستى ئىككىگە بۆلۈۋېتكەن، ئۇنىڭ شىمال تە-رىپى جەنۇبىي جۇڭگو دېڭىزى بىلەن تۇتاش بول-غاندىن باشقا، شەرق، غەرب، جەنۇب تەرەپلىرى مالايشىيا بىلەن چېگرىداش. برۇناينىڭ كىلىماتى ئېكۋاتور كىلىماتىغا كىرىدۇ، يىل بويى تېمپېراتۇ-رىسى يۇقىرى، نەملىكى ئۈستۈن بولىدۇ، ھەر يىلى 10-ئايدىن 12-ئايغىچە كىلىماتى بىرئاز سالقىن-دايدۇ. گەرچە بىز برۇنايغا ئەڭ ياخشى پەسىلدە كەلگەن بولساقمۇ، يەنىلا يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق.

برۇناينىڭ دىن ۋازارىتى دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت (ئاخىرى 38-بەتتە)

# پاكىستان خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنا-
ئەن، مەكتەپ مۇدىرى، ئۆمەك باشلىقى دوكتور
ھۇسەين ھەسەن، ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دوكتور ئەھمەد غەززا-
لى، ئۆمەك ئەزاسى، دىنىي تەرغىبات تەتقىقات ئى-
نىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور، دوكتور ئەنىس
ئەھمەدلەردىن تەركىب تاپقان پاكىستان خەلقئارا
ئىسلام ئۇنىۋېرستېتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1996-
يىل 2-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 3-ئاينىڭ 11-كۈ-
نىگىچە جۇڭگودا دوستانا زىيارەتتە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەم-
ئىيىتى دوستانە، سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ
سۆھبەتكە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن مۇئاۋىن
رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ھەنەفى
ۋەن ياۋبىڭ، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد ما-
يۈنفۇ، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام
ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشە-
دىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئا-
ۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مالىك مىيان
قاتارلىقلار قاتناشتى. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتى بۇ ئۇنىۋېرستېتقا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش،
بۇ ئۇنىۋېرستېت جۇڭگو ئىماملىرى ۋە ئۇستازلىرى
ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىپ بېرىش،
ئىككى تەرەپ ھەمكارلىشىپ، ئىسلام دىنىغا دائىر
كىتابلارنى نەشر قىلدۇرۇش ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك
ئىشلار توغرىسىدا ئەسلەتمە ئىمزالىدى. پاكىستان
خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور
ھۇسەين ھەسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باپ كاتىپى مۇھەممەد
ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇش-
لۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى ھەبىب ئايرىم-ئاي-
رىم ھالدا ئۇنىۋېرستېت تەرەپكە، جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىگە ۋە پاكىستان ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن
ئەسلەتمىگە ئىمزا قويدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيە ۋە
زىيارەتتە بولۇشتىن سىرت، يەنە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ
لەنجۇ شەھىرى ۋە لىنشا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى،
چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرى، شەنشى
ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرى قاتارلىق جايلارنى زى-
يارەت قىلدى. مېھمانلار بارغانلا يېرىدە يەرلىك
ھۆكۈمەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىش-
سىغا مۇيەسسەر بولدى. جايلاردا مەشھۇر مەسچىت-
لەرنى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنى زىيارەت
قىلدى، ئىسلام ئىنىستىتۇتى، مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى
قاتارلىق مائارىپ ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى،
مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە
مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى، مۇسۇلمانلار ۋە مۇسۇل-
مان مائارىپچىلار بىلەن تۈرلۈك شەكىللەردە سۆھ-
بەتلەشتى. چەت ئەللىك مېھمانلار كەڭ كۆلەمدە
ئۈچرىشىش ئارقىلىق، جۇڭگودا ئىسلاھات-ئېچىۋې-
تىش بولغاندىن بېرى، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت-
لەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى ئەمەلىي ھېس قىلدى.
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىمىزنىڭ ناھا-
يىتى ياخشى ئىزچىللاشقانلىقىنى ۋە ئىجرا قىلىنغان-
لىقىنى ماختىدى. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي
ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقان-
لىقى ۋە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى جايلاردا زىيارەت قىلىش داۋامىدا، ئۆلكىلىك، ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ ۋە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرى مەسئۇللىرىنىڭ قىزغىن قوبۇل قىلىشى ۋە زىياپىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

بېيجىڭدا گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ شۇشياڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبي ئاخۇنلار گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن مېھمانلارغا زىياپەت بەردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بېيجىڭ ۋە جايلاردىكى زىيارىتىدە باشتىن ئاخىر بىللە بولدى. پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئەلچىسى ھەبىبمۇ ئۆمەك بىلەن بىللە پائالىيەت ئېلىپ باردى.

(مەئمۇن بىننى نوئمان)

## ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جەئفار زائىي جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى

تەكلىپكە بىنائەن زىيارەتكە كەلگەن ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ئابدۇرەھىم جەئفار زائىي جانابلىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىرىنچى سىياسىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نەجىبۇللا ئەپەندى 1996-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى نيۇجېي مەسچىتىدە جۈمە نامىزى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، خەلقئارالىق بۆلۈم مۇدىرى مۇستافا ياڭجىبو قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەھىم ئىمىن، مايۇنفۇلار مېھمانلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، شۇنداقلا دىنىي ئىنستىتۇت، مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش، ئىسلام دىنى ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ياش مۇسۇلمان تالىپلارنى ئىسلام ئەللىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنىمۇ تونۇشتۇردى.

جەئفار زائىي جانابلىرى رازىمەنلىك بىلدۈرۈپ: "مەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى بۇرادەرلەرنى كۆرگىنىمگە بەكمۇ خۇشالمەن، سىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشۇڭلار ئارقىلىق، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. بۇ دەل جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. قادىر ئاللا كىشىلەرنى بىر-بىرىنى چۈشىنىشكە، بىر-بىرىگە كەڭچىلىك قىلىشقا، ئۆزئارا تىنچ بىللە ياشاشقا چاقىردۇ. بىز ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى دوستلۇقىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ بېرىشىنى، ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىنى تىلەيمەن" دېدى.

جەئفار زائىي جانابلىرىغا ھەمراھ بولۇپ، مەملىكىتىمىز تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاسىيا مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ چۈنگۈي، ئافغانىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇۋەققەت ئەلچىسى ئابدۇرەھىم ئەپەندى ۋە ئەلچى ياردەمچىسى سۇخانىيار ئەپەندى قاتارلىقلار بىللە زىيارەت قىلدى.

(ئىمادىددىن)

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلدى

يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھەج تاۋاپىنى ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم، شەرەپلىك ۋە جاپالىق خىزمەت ۋەزىپىسى. بۇ يىل جەمئىيىتىمىز ئۇيۇشتۇرغان 2500دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ھاجىلىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ 4-ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ، جۇڭگو ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ھۆددىگە ئالغان ئون ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە مۇبارەك شەھىرىگە ۋە ئۇ يەردىن ئاپتوبۇس بىلەن مۇقەددەس شەھەر مەككە مۇكەررەمەگە ئوڭۇشلۇق يېتىپ باردى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئەۋەتكەن ھەج خىزمىتى ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە قىزغىن يار يۆلەك بولۇشى نەتىجىسىدە، ھاجىلار ھەج پەرزى ئەمەللىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، 5-ئاينىڭ باشلىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ساق-سالامەت ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

بۇ يىلقى ھاجىلار 20 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئون مىللەتتىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ھاجىلار ئىلگىرىكى يىللاردىكىدىن كۆپ بولۇپ، ھاجىلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1986-يىلى جەمئىيىتىمىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى ھەج تاۋاپقا ئۇيۇشتۇرۇشقا باشلىغاندىن بېرى 30 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى بىلەن ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلۋالدى. بۇ ھال مەملىكىتىمىزدە ئىجرا قىلىنىۋاتقان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا، خەلقئارادىمۇ ياخشى تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ يىلقى ھەج ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىكى ۋە خادىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ خىزمەتكە ئاتلىنىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھاجىلارنىڭ ھەج تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، كەڭ ھاجىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(مۇستافا)

---

(بېشى 42-بەتتە) 46، 42 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇلار ھازىر نورمال ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. تۇنجى قاراردا قوبۇل قىلىنغان 36 نەپەر ئوقۇغۇچى قەشقەر ۋىلايىتىدە ھازىرقى ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ ئۈچ يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدە تەپسىر، ھەدىس، بالاغەت، نەھۋى، فىقھە قاتارلىق پەنلەرگە ئائىت 35 پارچە كىتابنى تاماملىدى. ئۇندىن باشقا سىياسەت، قانۇن، ئېقىم مەسىلىلىرى، ئۇيغۇر تىلى، خەت-چەكلەر (يېزىقچىلىق) ساۋاتى قاتارلىق مەدەنىيەت دەرسلىرىنىمۇ ئۆگەندى. بۇلار 1994-يىل 4-ئايدا، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ناھىيە (شەھەر) لىرىگە تەقسىم قىلىنىپ، ناھىيە (شەھەر)، يېزا-بازار، كەنت مەسچىتلىرىگە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەشكە قويۇلدى. مانا بۇلار پارتىيىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىنىڭ دىيارىمىزدىكى ئىجراسىنىڭ روشەن دەلىلى.

ھازىر بۇ مەكتەپكە تەۋە 2500 كۋادرات مېتىر زېمىندا ئۈچ ئېغىز سىنىپ، 16 ئېغىز ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، مەكتەپ ئىشخانىسى، ئاشخانا، 100 نەچچە ئادەم ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىت، سەككىز ئېغىز دۇكان بار. مۇدەررىسلەردىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمام-خاتىپى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇرەشىد قارىي ھاجىم، مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غېرىپشا قارىي ھاجىم قاتارلىق پېشقەدەم ئۇستازلار ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بىر قىسىم ياش ئۇستازلار مەكتەپنىڭ دىنىي دەرس ئوقۇتۇشىنى ئۈستىگە ئالغان.

دېمەك، نەچچە ئون يىل چىرىغى ئۆچۈرۈلۈپ، ئارغامچا ئېشىش، تاغار توقۇش كارخانىسىغا ئايلىنىپ، مەدرىستىن ئەسەرمۇ قالمىغان ساقىيە مەدرىسى ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە قايتا چىراغ ياندۇرۇپ، ئىلىم تەشنالىرىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك سىياسەت، فاڭجېن، قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ، جۈملىدىن دىنىي سىياسەتنىڭ پارلاق نۇرى، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىلغان ناھايىتى چوڭ غەمخورلۇقىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، بۇنىڭغا كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى بارىكاللا دېيىشمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيتلىق زىياپەت بەردى

4-ئاينىڭ 29-كۈنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بېيجىڭ خەلقئارا مېھمانخانىسىدا قۇربان ھېيتلىق تەنتەنەلىك زىياپەت بەردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېڭ سىيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمان ماشيەن زىياپەتكە رىياسەتچىلىك قىلدى، رەئىس سالىھ ئەن شۇيبى ئاخۇن تەبرىكلەش نۇتقى سۆزلەپ، مۇسۇلمان مېھمانلارنىڭ ھېيت ئايىمىنى مۇبارەكلىدى.

ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان چەت ئەللىك مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ۋە پايتەختتىكى ئىسلام دىنى زاتلىرى، مۇسۇلمان ئالىملار بولۇپ جەمئىي 240 دىن ئارتۇق ئادەم زىياپەتكە داخىل بولدى.

زىياپەتكە يەنە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى دېجۇ، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن خۇڭ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش دىن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جىن جيەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئەيسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېك، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ليۇ شۇشياڭ، چېنەي، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى خاجىگشۇڭ، تاشقى دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى گاۋ يۈن، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كادىرلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل تىلىۋالدى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاجيۈەن قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى ۋە بېيجىڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ بىر قىسىم ئۇستاز-تالىپلىرىمۇ زىياپەتكە داخىل بولدى.

(نەبى، ئابدۇللا)

# سانجى ئوبلاستىدا ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

شىنجاڭ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1996-يىل 1-ئاينىڭ 3-، 4-كۈنلىرى ئوبلاست مەركىزى سانجى شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ئوبلاستقا تەۋە ئالتە ناھىيە، ئىككى شەھەردىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، دۇڭشياڭ، ئۆزبېك، تاتار، سالا قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ 142 نەپەر مۇسۇلمانلار ۋەكىلى يىغىنغا قاتناشتى.

ئوبلاستلىق پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە ئوبلاستلىق بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجى قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ مۇبارەكلىدى ۋە سۆزلىدى.

يىغىن ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ماقۇللىدى؛ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە يىغىن قارارىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى؛ سانجى ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 57 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ۋە 25 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىنى سايلاپ چىقتى.

ما جيڭجۇڭ ئاخۇن جەمئىيەت رەئىسى، ئابلەت مەخسۇت، سۇ گۇاڭچەن، تەن زوفۇ، يۈسۈپ سەيدۇل ۋە ئاخاتلار مۇئاۋىن رەئىس، ما سۇنداڭ باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

(ما يۈيچى، ما سۇن)

## دوكتور ئۇبەيد ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاندى

1995-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 1996-يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى تەسىس مۇدىرىيىتىنىڭ 34-نۆۋەتلىك يىغىنىدا دوكتور ئابدۇللا بىننى سالىھ ئۇبەيد ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى باش كاتىپى بولۇپ سايلاندى. سابىق باش كاتىپ ئەھمەد مۇھەممەد ئەلى ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى قارىمىقىدىكى ئىسلام تەرەققىيات بانكىسىغا قايتىپ بېرىپ، بانكا باشلىقى بولدى.

دوكتور ئۇبەيد سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بولۇپ، مەدىنە ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغانىدى. ئۇ دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ: بۇ ئىتتىپاققا باش كاتىپ بولغۇچى جەزمەن سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بولۇشى شەرت دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى فەھد تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن بىردىنبىر باش كاتىپ نامزاتى ئىدى.

دوكتور ئۇبەيد باش كاتىپ بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (مۇسا)

## ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى جادۇل ھەق ئەلى جادۇل ھەق خۇدانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلدى

مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەيخى، ئالىي ئىسلام تەرغىبات مەجلىسىنىڭ رەئىسى، چوڭ ئىمام جادۇل ھەق ئەلى جادۇل ھەق (مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك) 1996-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى (جۈمە كۈنى) سەھەردە ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەك مۇسىبەت خەۋىرى جاكارلاپ: "مىسىر خەلقى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى داڭلىق بىر ئالىمدىن ۋە داھىدىن ئايرىلىپ قالدى" دېدى. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى شۇ كۈنى قەدىمكى ئەزھەر جامەسىدە ئۆتكۈزۈلدى. شەيخنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا مەشھۇر ئۆلىما شەئراۋى رىياسەتچىلىك قىلدى. مىسىرنىڭ ھۆكۈمەت، ھەربىي، ئىسلام، خرىستىئان دىنى ساھەسىدىكى ئەربابلار ۋە مىسىردا تۇرۇشلۇق چەت ئەل ئەلچىلىرى دەپنە مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى. 3-ئاينىڭ 27-كۈنى مۇبارەك زۇڭتۇڭ مىسىرنىڭ دۆلەت مۇفتىسى مۇھەممەد سەئىد تانتاۋىنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 43-نۆۋەتلىك شەيخلىقىغا تەيىنلىدى. (ئابدۇۋەھاب)

## قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە بەشتە ياخشى مەسچىت، بەشتە ياخشى دىنىي زات ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولغان دىنىي زاتلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ۋىلايىتى 1996-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ۋىلايىتىمىزگە قاراشلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ئىچىدىكى بەشتە ياخشى مەسچىت، بەشتە ياخشى دىنىي زات ۋە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولغانلارنى تەقدىرلىدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر ساھە دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئامما پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەمدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ

تىنچلىقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ مۇقىم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇ قېتىمقى تەقدىرلەش يىغىنىدا قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى، يەكەن ئالتۇن جامە مەسچىتى، قاغىلىق تۆگىچى يېزا 3-كەنت جۇمە مەسچىتى قاتارلىق 21 ”بەشتە ياخشى مەسچىت“، ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇۋەلى ھاجىم، ئابلىمىت مامۇت ھاجىم قاتارلىق 64 نەپەر ”بەشتە ياخشى دىنىي زات“ ۋە ۋىلايىتىمىز تەۋەسىدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان قاسىم قارىي ھاجىم، ئابدۇرىشىت مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇقېيۇم ھاجىم قاتارلىق 30 نەپەر دىنىي زات ۋەكىلى تەقدىرلەندى.

يىغىندا تۆت نەپەر قوش بەشتە ياخشىلار ۋەكىلى ۋە ئىككى نەپەر ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ قوش بەشتە ياخشى بولۇش، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بۇ قېتىمقى قوش بەشتە ياخشىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى پۈتۈن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىقارغان «تەشەببۇسنامە»نى بىردەك ماقۇللىدى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مەمەت ئەخلەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى نۇر بەكرى، ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇدىرى مەمەت ئىمىن ھەلىمدىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياسىن ياقۇپ، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ۋىلايىتىمىزدىكى قوش بەشتە ياخشىلار ۋەكىللىرى، قەشقەر شەھىرىدىكى جۇمە مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى بولۇپ 600 نەپەر كىشى قاتناشتى.　　(ياقۇپ ھاجى)

## تۇرپان شەھىرىدىكى بىر قىسىم مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆزى قامداش يولىغا ماڭدى

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش تەشەببۇس قىلىنى-غاندىن بېرى، ئېلىمىزنىڭ ئىگىلىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بۈگۈنكى ياخشى ۋەزىيەتتە، تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەسچىتلەرنىڭ خىراجىتىنى ئازايتىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىشكە، 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا پائال يېتەكلەپ، ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

تۇرپان شەھىرىنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان جەنۇبىي خۇيزۇ (كىچىك) مەسچىتى بازارغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ باشچىلىقىدا مەسچىت قورۇسىدىكى ئىككى موغا يېقىن بوش تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىپ، پارنىكتا كوكتات كۆچتى ئۆستۈرۈپ ۋە پارنىكقا كۆكتاپ تېرىپ سېتىپ كىرىم قىلىپ، مەسچىتنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىنى ياخشىلىدى. يېقىنقى بەش يىل ئىچىدە بۇ مەسچىت 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ سېلىقىنى ئازايتتى. شۇنىڭدەك مەسچىتتە ساراپ، مۇنچا، ئىسسىـ-نىش قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى تولۇقلاپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ كەڭ كۇشادە، ئازادە، خاتىرجەم دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى.

شەھەر ئىچىگە جايلاشقان جاپپار ئىمام مەسچىتى بازار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەسچىت-

نىڭ بازار ئىچىگە ئورۇنلاشقانلىقىدەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مەسچىت تەۋەلىكىدىكى يەرگە ئاددىي قىلىپ 20 ئېغىز ئۆي سېلىپ، بۇ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە 45 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىر 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇلى بار مەسچىت بولۇپ قالدى. ئۇلار يەنە ئۆز كىرىمىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، مەسچىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى قامداش شارائىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن، مەسچىتنىڭ شەرقىدىكى يولغا قارىتىپ، ئاممىۋى ھاجەتخانا، مۇنچا سېلىشنى پىلانلىماقتا.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، ئۆز كۈچىگە، ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ، بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىش تەشەببۇس قىلىنغاندىن بېرى، تۇرپان شەھىرىدە ئىجارىگە بېرىلگەن مەسچىت ئۆيلىرى 34 ئېغىز بولۇپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ يىللىق ئىجارە ھەققىدىن كىرگەن كىرىمى ۋە مەسچىتلەرنىڭ قوشۇمچە باشقا كەسپلەردىن قىلغان كىرىمى 25 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. مەسچىتلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى نەق پۇلى 131 مىڭ 508 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى مەسچىت مۇقىم مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى 394 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ھازىر شەھەر ئىچىدىكى يېڭى شەھەر قازىخانا مەسچىتى، شەرق قوۋۇق خۇيزۇ مەسچىتى، غەربىي قوۋۇق خۇيزۇ (كىچىك) مەسچىتى، جەنۇبىي خۇيزۇ مەسچىتى، كونا شەھەر مەسچىتى قاتارلىق بەش مەسچىت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەسچىت ئىچى، دەرسخانا، تالىپلار ياتاقلىرىنى پار بىلەن ئىسسىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا ئازادە پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان شارائىت يارىتىپ بەردى.

(شاھمەردان قارىي)

# دىنىي زاتلار نامراتلارنى يوقلىدى

قەشقەر مەكىت ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى بىر قىسىم دىنىي زاتلار ئۆز تەۋەسىدىكى نامرات، بەشتە كاپالەت، يېتىم-يېسىرلارغا ياردەم بېرىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ يىل 2-ئاينىڭ 10-كۈنى ئابدۇقادىر ئىمام ھاجىم، ئەمەت ھاجىم، ئابلا قارىي ھاجىم، غوجى رەھىم ھاجى قاتارلىق ئون نەپەر دىنىي زات ئۆز يېنىدىن 11250 يۈەن نەق پۇل، 8000 كىلوگرام گۈرۈچ، 1200 جىڭ ئاق ئاش (ئۇن)، 56 قۇر كىيىم، 80 مېتىر رەخت، 43 دانە يۇڭ پوپايكا چىقىرىپ، 65 نەپەر نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى، ئۈچ نەپەر ئازغان ياشقا تۇرمۇش يولى تېپىپ بەردى.

(ياقۇپ ھاجى)

# تۇرپان شەھىرىدىكى دىنى زاتلار ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭماقتا

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇش يولىغا پائال ئاتلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

تۇرپان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئالدى بىلەن دىنىي زاتلارنى 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا پائال يېتەكلىگەندىلا، ئاندىن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىدى. نەتىجىدە 1995-يىلى شەھەر بويىچە 3-كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان دىنىي زاتلار ئائىلىسى 73كە، يولغا قويغان تۈر 33كە يېتىپ، بۇ تۈرلەردىن قىلغان يىللىق كىرىم 845 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 3 مىڭ يۈەندىن

www.uyghurkitap.com

كىرىم قىلغان ئائىلە 62گە، 4 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلغان ئائىلە 29غا، 5 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلغان ئائىلە 16غا، 6 مىڭ يۈەندىن كىرىم قىلغان ئائىلە 12گە يېتىپ، ئومۇمىي دىنىي زاتلار ئائىلىسىنىڭ پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قازىخانا مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابدۇرەھىم قارىي ھاجى 1995-يىللىق دېھقانچىلىقتىن قىلغان كىرىمنى 50 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئائىلىسىدىكى يەتتە جان ئادەمنىڭ كىشى بېشىغا قىلغان يىللىق كىرىمنى 7 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار ئائىلىسىدىكى چوڭ-كىچىك تراكتور 175كە، ھەر خىل كىرا ئاپتوموبىلى 42گە يەتتى. باقمىچىلىق ئائىلىسى 37گە، پارنىكلىق كۆكتات مەيدانى 28 موغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن يالغۇز پارنىكتىن قىلغان كىرىمنى 75 مىڭ 663 يۈەنگە يەتكۈزۈپ، تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

ھالال ئەمگەككە تايىنىپ باي بولغان دىنىي زاتلار ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى، ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە دىنىي زاتلار ۋە مەسچىت جامائەتى مائارىپقا، دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىغا، نامراتلار ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا ئومۇمىي قىممىتى 168 مىڭ يۈەن كېلىدىغان نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلىپ، باي بولغاندا نامراتلارنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، نامراتلارنىڭ بېشىنى سىلايدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى نامايان قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تىكلىگەن كوچەت 575 تۈپكە، رېمونت قىلىنغان يول 11 كىلومېتىرغا، كۆۋرۈك 125كە يەتتى. دىنىي زاتلار 172 قېتىم مېيت نامىزىنى خالىس ياكى فىدى بىلەن چۈشۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ھازىر تۇرپان شەھىرىدىكى دىنىي زاتلار 3-كەسىپ بىلەن پائال شۇغۇللىنىپ، ھالال ئەمگەككە تايىنىپ باي بولۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلەتمەكتە.

(شاھمەردان قارىي)

## سەمەت مەخسۇم ھاجىم، ئابلىز مەۋلا بەخشى ھاجىم، ئۆمەر قازى ھاجىملار خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سەمەت مەخسۇم ھاجىم 1996-يىلى 3-ئاينىڭ 12-كۈنى 76 يېشىدا خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

سەمەت مەخسۇم ھاجىم قەشقەر شەھىرىدىن بولۇپ، 1920-يىلى تۇغۇلغان، 1930-يىلدىن 1940-يىلغىچە زور ئىجتىھات بىلەن دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1944-يىلدىن بېرى ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 1980-يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى-نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان.

3-ئاينىڭ 12-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم ۋە قەشقەر شەھىرىدىكى نەچچە مىڭ ئاما ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى.

مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پوسكام ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلىز مەۋلا بەخشى ھاجىم (تاجىك) 1996-يىلى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى 67 ياشتا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

ئابلىز مەۋلا بەخشى ھاجىم بالىلىق دەۋرىدە دادىسىدىن دىنىي ساۋات ئالغان، 1943-يىلدىن 1949-يىلغىچە بولغان يەتتە يىل جەريانىدا پاكىستان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئىلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا يۇقىرى شۆھرەت قازانغان، 1950-يىلدىن كېيىن ئىمام بولغان، 1951-يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇ ئىلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق زات، تاجىك مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، ئىلىمىز ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇرىشت قارىي ھاجىم ۋە پوسكام ناھىيىسىدىكى نەچچە مىڭ ئامما، تاشقورغان، يەكەن ناھىيىلىرىدىن كەلگەن تاجىك ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

1-ئاينىڭ 13-كۈنى كەچ سائەت 2 دە، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مارالبېشى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيە مەركىزى جامە مەسچىتىنىڭ ئىمامى، خاتىپى ئۆمەر قازى ھاجىم يۈرەك كېسەللى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ 78 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ئۆمەر قازى ھاجىم 1918-يىلى تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە ئۆز يۇرتىدا دىنىي مەلۇمات ئالغان. 1935-يىلدىن كېيىن مارالبېشى چوڭقۇرچاق مەدرىسىدە ئوقۇپ، يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان. 1947-يىلى ئىماملىق قىلغان ھەمدە مەدرىسلەردە بىرمەزگىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، كۆپلەپ تالىپ يېتىشتۈرگەن. شۇ يىلى يۇرتىنىڭ قازىسى بولغان. 1983-يىلدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

ئۆمەر قازى ھاجىم ئەخلاق، پەزىلەت ۋە بىلىم جەھەتلەردە يېتىشكەن، ئۇ ئۆزىنى ئۆمۈر بويى پاك تۇتۇپ كەلدى. ئۇ ئىزچىل تۇردە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىپ، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ دىنىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە يېتەكلەپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بەدىردىن مەخسۇم ھاجىم ۋە ناھىيە تەۋەسىدىكى نەچچە مىڭ ئامما ئىشتىراك ئەتتى.

يۇقىرىقى ئۈچ نەپەر ئۆلىما ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال-ئەھۋال سورىدى.

(ياقۇپ ھاجى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

## دىنىي زاتلار هازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-ئاينىڭ 9-كۈنى دىنىي زاتلارنى هازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

دوكلات يىغىنىغا شەھەر تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى، دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ 400گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىندا قەشقەر سىفەن شۆيۈەن پەن-تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پروفېسسور جاپپار روزى، ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ باشلىقى نامانجانلار يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا هازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى توغرىسىدا دوكلات بەردى.

يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مەمەت ئەخلەت سۆز قىلىپ، دىنىي زاتلاردىن پەن-تېخنىكا ئارقىلىق قەشقەرنى گۈللەندۈرۈش، مائارىپنى ۋە ئىلىم پەننى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشنى ھەمدە ۋىلايىتىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەردە زور نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ياقۇپ هاجى)

## ئۆز يۇرتى خەلقىنى ئۇنتۇمىغان مۇساپىر

تەيۋەندە تۇرۇۋاتقان خۇنەنلىك ئۇيغۇر قېرىندىشىمىز جيەن نىڭخۇڭ ئەپەندى ئۆز خانىمى ۋە قىزىنى ئېلىپ، تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنىڭ چوڭ قورۇقلۇقنى ساياھەت قىلىش ئۈمىكى بىلەن بىللە شىنجاڭ، شەنشى قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلغاندىن كېيىن، 1995-يىل 9-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆز يۇرتى چاڭدې شەھىرىگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە يېتىپ كەلدى. 7-ئايدا، ئۇلار چاڭدې شەھەر مەسچىتىدىكىلەر بىلەن خەت ئالاقە قىلىش داۋامىدا، چاڭدېدىكى يۇرتىدا ئالاھىدە زور سۇ ئاپىتى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ۋە ئۆز يۇرتىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن، تەيۋەندە تۇرۇۋاتقان چاڭدېلىق خۇيزۇ، ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن دىڭ جۇڭمىڭ، دىڭ جېڭلى، دىڭ گۇاڭگو، ما شەنچۈن، جيەن نىڭخۇڭ قاتارلىق بەشەيلەن 25 مىڭ يۈەن تەيۋەن پۇلى ئىئانە توپلىغانىدى. جيەن نىڭخۇڭ ئەپەندى بۇ نۆۋەت ئۆز يۇرتىغا تۇغقان يوقلىغىلى كېلىپ، 9-ئاينىڭ 18-كۈنى بۇ پۇلنى چاڭدې شەھەر مەسچىتىگە بېرىپ، ئۇنى ئۆز يۇرتىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە تاپشۇرۇپ بېرىشنى هاۋالە قىلدى. (ما ۋېنبىڭ)

---

### ☆ تۈزىتىش ☆

هۆرمەتلىك كىتابخانلار دىققەتسىزلىكىمىزدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق 1-سانىدا خاتا بېسىلىپ قالغان 6-بەت يۇقىرىدىن 10-قۇردىكى ”... بۆلۈمنىڭ باشلىقى“ دېگەن سۆزنى ”...بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى“، 61-بەت تۆۋەندىن 18-قۇردىكى ”بېشى 42-بەتتە“ دېگەن سۆزنى ”بېشى 48-بەتتە“، 63 -بەت تۆۋەندىن 12-قۇردىكى ”ماقالەل“ دېگەن سۆزنى ”ماقالە“ ۋە 63-بەت تۆۋەندىن 13-قۇردىكى ”خەتتى» دېگەن سۆزنى ”خەتتىن“، مۇندەرىجىدىكى ”31“ دېگەن ساننى ”32“ دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

1996-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنى

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:** ژۇرنىلىمىزنىڭ قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى سانى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت يېزىپ، تېلېفون بېرىپ ياكى سالام يوللاپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى مۇبارەكلەش بىلەن بىرۋاقىتتا، ژۇرنال توغرۇلۇق ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ۋە پىكىر-تەكلىپلىرىنى بايان قىلدى. بولۇپمۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ پېشقەدەم تەھرىرى خوجا ئابدۇللا قارىي ھاجىم قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى سانلىق ژۇرنىلىمىزنى باشتىن ئاخىر، سۆزمۇسۆز كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ژۇرنىلىمىزنىڭ نەشىرگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ۋە ژۇرنال سۈپىتىنى، مەزمۇنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، پېشقەدەم ژۇرنالىست ۋە ئىسلامشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ناھايىتى قىممەتلىك تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە لايىھەلىرى ئىزاھلانغان ژۇرنالنى ۋە مالال كۆرمەي يازغان تەپسىلىي خېتىنى ئۈرۈمچىدىن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە يوللاپ بەردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىمىز خوجا ئابدۇللا قارىي ھاجىمغا ۋە ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەن مۇشتەرىلەرگە ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ژۇرنىلىمىزغا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل ئەھمەد، سەييىدىن ئەزىزىلەر، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى دېجۇ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىدىن سالىھ ئەن شۇبي ئاخۇن، ئابدۇللا داموللا ھاجىم، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ قاتارلىقلارمۇ بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ، ژۇرنىلىمىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى.

رەھبەرلەر ۋە مۇشتەرىلەرنىڭ بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈپ ئىپادىلىگەن ئارزۇ-تىلەك، پىكىر-تەكلىپلىرى بىز ئۈچۈن زور ئىلھام ۋە مەدەت، شۇنداقلا ژۇرنىلىمىزنىڭ بەلگىلەنگەن نىشانى بويىچە ژۇرنالنىڭ ھەر تەرەپلىك سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ۋە ژۇرنال زوقمەنلىرىنى رازى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدىغان ژۇرنال بولۇپ قېلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغۇسى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانلىرىدا، مۇشتەرىلەرنىڭ خەتلىرىنى «مۇشتەرى-لەردىن خەت» دېگەن سەھىپە ئاستىدا تاللاپ بېرىپ تۇرىمىز. تۆۋەندە مۇشتەرىلەردىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ دىن تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنىنىڭ ژۇرنىلىمىزغا يازغان خېتىنى ژۇرنىلىمىز جامائىتىگە سۇنىمىز:

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم نەشىرگە كەلتۈرۈلگەنلىكى تەبرىكلەشكە ئەرزىگىدەك كاتتا بىر ئىش. ئۇ ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگودىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمان ئۆلىما-ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلار ھەمدە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار شۇنىڭدەك ئىسلامشۇناسلار ئۈچۈن ئېچىپ بەرگەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات باغچىسى. خەلقئارا ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش سەھنىسى. ئىچكى-تاشقى ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش، تىنچلىق ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تەشۋىقاتچىسى، مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن دىننى سۆيۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ شۇنداقلا ئۇلارنى پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلدۈرۈشنىڭ مەدەتچىسى.

مەن ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا نەشىرگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن!

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ دەۋرنىڭ، كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا تىلەكداشمەن!

ھۆرمەت بىلەن: **ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى**

1996-يىل 5-ئاينىڭ 9-كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ♡ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر ♡

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بىرمۇنچە قېرىنداشلار ۋە بەزى شىركەت، مەسچىت، ئىسلام جەمئىيىتى، ئىدارە-تەشكىلاتلار ژۇرنىلىمىزغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە بېرىپ ياكى ئىئانە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ژۇرنالنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

### ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. ئۈرۈمچى شەھرىدىن: **ئابلىھەكىم ئىبراھىم ھاجى** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 500 يۈەن
2. مارالبېشى ناھىيىسىدىن: **تۇردى ئاخۇن ئابلا ھاجى** 300 يۈەن
3. قۇمۇل شەھرىدىن: **نىزامىدىن ھېيت** 100 يۈەن
4. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: **ئادىل ھاجى** 100 يۈەن
5. قەشقەر شەھرىدىن: **ياقۇپ ھاجى** 93 يۈەن
6. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: **ھاجى ئابدۇرەھىم ئىمىن** 66 يۈەن
7. دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىدىن: **مالىك ھاجى تاھىر** 50 يۈەن
8. ئۈرۈمچى شەھرىدىن: **ھەبىبۇللا خوجالەمجىنى** 50 يۈەن
9. خوتەن لاسكۇيىدىن: **مۇھەممەت ئۆمەر قارىي** 50 يۈەن
10. تۇرپان شەھرىدىن: **ھەبىبخان ھاجى خېنىم** 50 يۈەن
11. تۇرپان شەھرىدىن: **ھەسەن قارىي ھاجى** 50 يۈەن
12. تۇرپان شەھرىدىن: **ئايشەمخان ھاجى خېنىم** 50 يۈەن
13. توقسۇن ناھىيىسىدىن: **تۇرسۇن غوجى ھاجى** 50 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ، يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلىنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى يېزىپ ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى، غوپۇرجان ھاجى ئابدۇرەھىم، رىشت ۋاھىدى ۋە قەيسەر قۇربانلار ئىشلىدى.



بۇ يىل 1-ئاينىڭ 3-كۈنى مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى، مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئىككى مۇقەددەس مەسچىت ھەيئىتىنىڭ رەئىسى مۇھەممەد سۇبەيل (سولدىن 1-كىشى) قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغاندا، رەئىس سالىھ ئەن شىۋېي ئاخۇنغا كەئبە بەيتۇللانىڭ يوپۇقىدىن بىر پارچە تەقدىم قىلدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى برۇناي دارۇسسالام سۇلتانلىقىنى زىيارەت قىلغاندا، برۇناي ئىسلام مەركىزىدىكىلەر بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتى.



ن رەئىس مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
للىرى ئۆمىكىنى باشلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنى زىيارەت قىلغاندا،
ئىشلىرى ۋەزىرى مۇھەممەد سەفەر بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشتى.



يىل 3-ئاينىڭ 10-
نى جۇڭگو ئىسلام
مئىيىتى بىلەن پاكىس-
ن خەلقئارا ئىسلام ئۇنى-
رسىتېتى ئىككى تەرەپ
كەشكەن ھەمكارلىق
لىرى ئۈستىدە ئەسلەت-
ئىمزالاش مۇراسىمى
كۆزدى.



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-
نىڭ ۋەكىلى، قەشقەر ۋىلايەت-
لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھا-
جىم 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيىنىڭ بۇ يىل 3-ئايدا چاقى-
رىلغان 3-سانلىق يىغىنىدا پە-
كىر بايان قىلماقتا.



قەشقەر ۋىلايىتى بۇ يىل 3-
ئاينىڭ 12-كۈنى ئۆتكۈزگەن
"بەشتە ياخشى مەسچىت"،
"بەشتە ياخشى دىنىي زات" ۋە
ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي
بولغان دىنىي زاتلارنى مۇكاپات-
لاش يىغىنى قاتناشچىلىرىنىڭ
خاتىرە سۈرىتى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى
غۇلجا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئابدۇشۈكۈر ھاجىم
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابدۇۋاھىت ئەمەت
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىز ھاجى
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلەھكىم ئىبراھىم ھاجى


中国穆斯林(维吾尔文版) 1996年第二期(总39期)　　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1996-يىل 2-سان(ئومۇمىي 39-سان)
刊号:CN11—1345/B　　订价: 2.80元　　باھاسى: 2.80 يۈەن　　ژۇرنال نومۇرى: CN11—1345/B
公开发行　　ئاشكارا تارقىتىلىدۇ